# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

## 新疆人大

**2000·8**



2000 - يىللىق جۇڭگو دۆلەت ئىچى ساياھەت - سودا يەرمەنكىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى .

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 - يىغىنى ئىككى كۈن داۋام قىلىپ 20 - ئىيۇل چۈشتىن بۇرۇن ئاياغلاشتى . يىغىن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سۇنغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى 26 تارماقنىڭ مەسئۇلى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سۇنغان ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان كادىرلارنىڭ ئىسىملىكىنى ماقۇللىدى . يىغىن يەنە « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىغا مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى كۆرۈشكە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى » ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ « ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىغا يەرلىك نىزام لايىھەسىنى بىر تۇتاش قاراپ چىقىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى قارار » ى ۋە « ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە نەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى » نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى .

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



مۇدىر ھامىدىن نىياز گۇرۇپپا يىغىنىدا « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىغا مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى كۆرۈشكە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى ( لايىھە ) ھەققىدە ئىزاھات » ئۈستىدە توختالدى .



كومىتېت ئەزالىرى دوكلات ، ئىككى ئىزاھات ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان كادىرلارنىڭ ئىسىملىكىنى گۇرۇپپىلار بويىچە قاراپ چىقتى .



مۇدىر ھامىدىن نىياز يېڭى تەيىنلەنگەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى تارماقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغا تەيىننامە بەردى .



كومىتېت ئەزالىرى قاراپ چىقىشقا سۇنۇلغان دوكلات ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان كادىرلارنىڭ ئىسىملىكىنى ماقۇللىدى .

# «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ تەلىپى بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكى كادىرلار ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ پىرقلىر ئۈستىدە پاتال ئىزدىنىپ، خىزمەت يوللىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يېڭىمۇ بىر بالداق كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا. ئىشىنىمىزكى، پەقەت «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ تەلىپى بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشىنى قەتئىي كۈچەيتىدىغان بولساق، شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ ئىدىيىۋى مەقسىدى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسى بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزدە پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى دۆلەت ئاپپاراتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بېرىلگەن قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك قىلىش، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش قاتارلىق مۇھىم فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشى زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا، خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى ۋە خىزمىتىدە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ تەلىپىنى ئىستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدە ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنى باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى قىلىش، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قانۇن بويىچە ياخشى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇقلارنى يۈرگۈزگەندە، جەمئىيەتتىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، باشتىن - ئاخىر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەپ، ئۇنى ئۈستقۇرۇلمىدىكى دېموكراتىيە - قانۇنچىلىققا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىسادىي ئاساستا ئايلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. نۆۋەتتە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشى ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىغا بولغان نازارەتچىلىكنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ، بولۇپمۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ساغلام مۇھىتتا ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىلغارلىققا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى تېزلىتىش لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆلچەم قىلىپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تىرىشىپ كېڭەيتىش لازىم. جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى ئىلغار نەزەرىيە ۋە ئىلغار ئىدىيە بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىكتىن ئىبارەت. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىكى ئىدىيە ۋە بىر يۈرۈش نەزەرىيىلەر ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتە ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۈتكۈزۈش ئارقىلىق، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، «سېرىق نەرسىلەر، قىمار، زەھەر» قاتارلىق جەمئىيەت داشقاللىرىنى تازىلىشى؛ خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىشى، ئاياللار، باللار، ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى، سوتسىيالىستىك ئەخلاق - پەزىلەتنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە چوقۇم خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە سادىق بولۇش، ھەممىلا جايدا خەلقنىڭ ھىمايە قىلىش - قىلماسلىقى، قوللاش - قوللىماسلىقى، ماقۇل بولۇش - بولماسلىقى، رازى بولۇش - بولماسلىقىنى ئۆلچەم قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاشتا چىڭ تۇرۇشى، خەلق ئاممىسىنىڭ سادالىرىغا ھەر ۋاقىت قۇلاق سېلىشى، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە ھەرۋاقىت سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلىشى لازىم. مەيلى قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك قىلىشتا بولسۇن ياكى چوڭ - چوڭ ئىشلار توغرىسىدا قارار چىقىرىشتا بولسۇن خەلقنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، خەلق رايىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، تۈزۈم جەھەتتە ۋە قانۇن جەھەتتە خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. خەلق ئاممىسى ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانۇن نازارەتچىلىكى فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئاممىسىغا زىيان سالىدىغان قانۇنغا خىلاپ دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشى، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزىتىشى، خەلق ئاممىسىغا پارتىيىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن پەقەت «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىلا، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ تۆھپە قوشالايدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

(月刊) 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال)

2000 - يىل 8 - سان

(ئومۇمىي 209 - سان) (20 - يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى



**ئوبزور**

« ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش »نىڭ تەلىپى بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى ................ ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

**ھەر ساندا بىر نىزام**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسى .........(4)

**مۇھىم قارار**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە نەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى................ (10)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىغا مەمۇرىي ئىنتىزام چارىسى كۆرۈشكە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى......... (10)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىغا يەرلىك نىزام لايىھىسىنى بىر تۇتاش قاراپ چىقىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى قارارى........................ (11)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنلەرنىڭ ئىسىملىكى ..................(11)

**بىلىم كۆزنىكى**

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرايلى ..................(13)

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق .............. (27)

**مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر**

ئاساسىي قانۇن — دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى ..............قەلبىنۇر ئابلەھەت (37)

**خىزمەت تەتقىقاتى**

كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ھەرىكىتى ۋە چەكلەش مېخانىزمى توغرىسىدا ........ ئىلياس جالالىدىن (39)

**مۇلاھىزە**

قانۇن ئارقىلىق ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداشقا ماھىر بولۇش كېرەك ..............ئابدۇۋەلى مامۇت (42)

## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش


يىغىن ئىستىلىمۇ ياخشى بولۇشى لازىم ........................ ئوبۇلقاسىم مۇھەممەت (44)
دېھقانلارنى باشقۇرۇش نېمە ئۈچۈن قىيىن ؟ ........................ تۇرسۇن قۇربان (45)


## ئەكشۇرۇش دوكلاتى


يېزىلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش — يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇقەررەر
يۈزلىنىشى ........................نۇردۇن يۇنۇس ، ئابدۇراخمان روزى(46)


## خەۋەرلەر


كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى مەسئۇل يولداشلارغا قانۇن ئۆگىنىش
كۇرسى ئاچتى قاتارلىق يەتتە پارچە قىسقا خەۋەر ........................ (49)


## دېلودىن مىسال


ئىشق ـ مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆلۈۋالغان ئايال شەھەر باشلىقى........................ جۇ جىلىڭ (53)


## دۇنياغا نەزەر


مالايسىيادا بىكار تەلەپلەر جازالىنىدۇ ........................ (59)
فىنلاندىيىنىڭ تاماكا چېكىشنى مەنئى قىلىشتىكى يېڭى قانۇنى ........................ (59)
سىنگاپوردىكى «جازا» ........................ (60)
شىمالىي ياۋروپا ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ ........................(61)
ئاياللار سودا بازىرى ........................ (62)


## بىلىۋېلىڭ


بوۋاقلارنىڭ بۇرنىنى قىسىپ تۇرۇپ دورا ئىچكۈزمەڭ ........................ ساۋۇت ھېكىم (63)


## ئەتىرگۇل


خەلق قوشاقلىرى ........................ (64)



بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكىستى: شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللارسانائىتى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش
ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 ـ 1166 / D
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830000
ئادرېسىمىز : ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورۇ
تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسى

(1988 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان ، 2000 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ يىغىنىدا تۈزىتىلىپ ماقۇللاندى)

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى**

**( 9 — 23 ـ نومۇرلۇق )**

*«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسى» 2000 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 ـ يىغىنىدا تۈزىتىلىپ ماقۇللاندى، تۈزىتىلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسى» ئېلان قىلىندى، ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.*

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى
2000 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ قائىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىن تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىش قاراش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن، قانۇن چىقىرىش قانۇنى ۋە ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش، قارار چىقىرىشتا دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، خىزمەت ھوقۇقىنى كوللېكتىپ يۈرگۈزىدۇ.

## 2 ـ باب يىغىن ئېچىش

**3 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئاز دېگەندە ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارى بىلەن، يىغىننى قەرەلسىز ئېچىشقا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى مۇدىر چاقىرىدۇ. مۇدىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىشنى مۇئاۋىن مۇدىرغا ھاۋالە قىلىسىمۇ بولىدۇ.

**4 ـ ماددا** دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى قاتناشقاندىلا ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن كېسەل ۋە باشقا ئالاھىدە سەۋەب بىلەن رۇخسەت سورىغانلاردىن باشقىلىرى يىغىنغا قاتنىشىشى كېرەك.

**5 ـ ماددا** دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا مۇدىرلار يىغىنى تەييارلىق كۆرىدۇ. دائىمىي كومىتېتنىڭ ھەر

قېتىملىق يىغىنى يېپىلغاندىن كېيىن، مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ كېلەر قېتىملىق يىغىنىنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەپ، يىغىندا قارىلىدىغان ئىشلارنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىدۇ.

دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئون كۈن بۇرۇن، مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان تەكلىپ ۋە خىزمەت دوكلاتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە قاراپ چىقىدۇ ھەمدە دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

6 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسىنى مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇنىدۇ. يىغىن مەزگىلىدە قارالمىنى تەڭشەشكە توغرا كەلسە، مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ.

7 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئون كۈن بۇرۇن، دائىمىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى يىغىن ئېچىش ۋاقتى، ئورنى، يىغىننىڭ تەكلىپ قارالمىسى قاتارلىقلارنى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىدىغانلارغا ئۇقتۇرىدۇ؛ يىغىن قەرەلسىز ئۆتكۈزۈلسە، شۇ چاغدا ئۇقتۇرۇش قىلسا بولىدۇ.

يەرلىك نىزام لايىھەلىرى، نىزام خاراكتېرلىك قارار، بېكىتمە لايىھەلىرى، ئالاقىدار ماتېرىيال ۋە خىزمەت دوكلاتلىرى يىغىن ئۆتكۈزۈلۈشتىن يەتتە كۈن بۇرۇن دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرگە يەتكۈزۈلىدۇ.

8 ـ ماددا مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت تارماقلىرى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنى يىغىندىن بۇرۇن يىغىن قارالمىلىرىنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر يىغىن قارالمىلىرىنى قاراپ چىقىشقا زۆرۈر تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك.

9 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا تۆۋەندىكى خادىملار سىرتتىن قاتنىشىدۇ:

(1) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى؛

(2) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى؛

(3) بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياكى مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياكى مۇئاۋىن مۇدىرى؛

(4) ئېھتىياج بىلەن تەكلىپ قىلىنغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى؛

(5) مۇدىرلار يىغىنى بېكىتكەن باشقا ئالاقىدار خادىملار.

10 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا، ئالاقىدار ئورۇن ۋە خادىملارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا چەتتىن ئاڭلاش ئورنى تەسىس قىلىنسا بولىدۇ.

11 ـ ماددا دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى تەكلىپلەر توغرىسىدىكى ئىزاھات ۋە خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گۇرۇپپا يىغىنى ياكى ئومۇمىي يىغىندا قاراپ چىقىدۇ.

12 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنى قارالمىلارنى قاراپ چىققاندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان مەسئۇللىرى يىغىنغا باشتىن ـ ئاخىر قاتنىشىپ، پىكىرلەرنى ئاڭلىشى، سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى كېرەك.

## 3 ـ باب تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش

13 ـ ماددا تۆۋەندىكى ئورگان ۋە خادىملار دائىمىي كومىتېتقا دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىگە كىرىدىغان تەكلىپلەرنى سۇنسا بولىدۇ:

(1) مۇدىرلار يىغىنى؛

(2) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى؛

(3) دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن بىرلىشىپ ئىمزا قويغان بەشتىن ئارتۇق كىشى.

14 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قويغان تەكلىپلەرنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى مۇدىرلار يىغىنى بېكىتىدۇ.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن بەشتىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ ئىمزا قويغان تەكلىپلەرنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش - سۇنماسلىقنى مۇدىرلار يىغىنى بېكىتىدۇ؛ قاراپ چىقىشقا سۇنمىسا، دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا دوكلات قىلىدۇ ياكى تەكلىپ قويغۇچىغا سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دائىمىي كومىتېتنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان تەكلىپنى مۇدىرلار يىغىنى ئاۋۋال ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ دوكلات سۇنۇشىغا تاپشۇرسا بولىدۇ، مۇدىرلار يىغىنى ئاندىن ئۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش - سۇنماسلىقنى بېكىتىدۇ.

15 - ماددا دائىمىي كومىتېتقا سۇنۇلغان تەكلىپنىڭ مەزمۇنى، ئاساسى ۋە لايىھىسى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

16 - ماددا دائىمىي كومىتېتقا سۇنۇلىدىغان تەكلىپ دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈشتىن 20 كۈن بۇرۇن مۇدىرلار يىغىنىغا يوللىنىدۇ؛ سۈرۈك ئۆتسىمۇ يوللانمىغانلىرى شۇ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ. كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەكلىپى، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپى ۋە ئىستېپا سوراش ئىلتىماسى «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش چارىسى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

## 4 - باب تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش

17 - ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن تەكلىپ ھەققىدە تەكلىپ قويغۇچى ئورگان ياكى تەكلىپ قويغۇچى، يوللىغۇچى ئورگان دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا ئىزاھات بېرىدۇ.

18 - ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن تەكلىپنى قاراپ چىقىش داۋامىدا يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك زور مەسىلە بارلىقى سېزىلسە ياكى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ پىكىر ئىختىلاپى چوڭراق بولسا، مۇدىرلار يىغىنى مۇھاكىمە قىلىپ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى قوشۇلغاندىن كېيىن، ۋاقىتىنچە ئاۋازغا قويماي، تەكلىپ قويغۇچى ئورگان ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ تۈزىتىشى ۋە دوكلات قىلىشىغا تاپشۇرسا بولىدۇ، مۇدىرلار يىغىنى ئۇنى دائىمىي كومىتېتنىڭ كېيىنكى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا ياكى قاراپ چىقىشنى توختىتىشنى قارار قىلىشىغا سۇنىدۇ.

19 - ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن تەكلىپ ئاۋازغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن، تەكلىپ قويغۇچى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلسا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، شۇ تەكلىپنى قاراپ چىقىش توختىتىلىدۇ.

20 - ماددا مۇدىرلار يىغىنى ياكى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، دائىمىي كومىتېتقا ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەش توغرىسىدا تەكلىپ قويسا بولىدۇ، بۇنى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى قارار قىلىدۇ.

ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالاردىن تەركىب تاپىدۇ. كونكرېت نامزاتلارنى مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدىن كۆرسىتىپ، دائىمىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇنىدۇ.

ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېتقا دوكلات سۇنۇشى لازىم. دائىمىي كومىتېت تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسەن مۇناسىپ قارار چىقارسا بولىدۇ.

## 5 ـ باب خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاش، قاراپ چىقىش ۋە باھالاش

21 ـ ماددا دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ.

22 ـ ماددا دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى دائىمىي كومىتېت ۋە ئۇنىڭ خىزمەت تارماقلىرى ئويۇشتۇرغان قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، باھالاش ۋە ئايرىم دېلونى نازارەت قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى ئاڭلايدۇ.

دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت دوكلاتلىرى مۇدىرلار يىغىنىدا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن، ئۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈشنى مۇدىرلار يىغىنى بېكىتىدۇ.

23 ـ ماددا دائىمىي كومىتېتنىڭ يىغىنلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتۈشتە، مۇدىرلار يىغىنى ۋاقتىدا پىلان تۈزۈپ، ئالاقىدار ئورگانلارغا يازما ئۇقتۇرىدۇ. ئالاقىدار ئورگانلار ئۇقتۇرۇش بويىچە تەييارلىق قىلىپ، دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا قەرەلىدە دوكلات بېرىدۇ. ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، دوكلات قىلغۇچى ئورگانغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ.

24 ـ ماددا دائىمىي كومىتېتقا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال خىزمىتى ياكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا بېرىلىدىغان دوكلاتنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ياكى مۇئاۋىن رەئىسى بېرىدۇ؛ ئايرىم خىزمەت ياكى كەسپىي خىزمەت توغرىسىدا دوكلات بېرىشنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز تەركىبىدىكى ئالاقىدار تارماقنىڭ مەسئۇلىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېتقا ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا بېرىلىدىغان دوكلاتنى مەھكىمە باشلىقى، باش تەپتىش بېرىدۇ. مەھكىمە باشلىقى، باش تەپتىش ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن يىغىنغا كېلەلمىسە، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، مۇئاۋىن باش تەپتىش بەرسىمۇ بولىدۇ.

25 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى بەرگۈچى ئورگان دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈشتىن 20 كۈن بۇرۇن دائىمىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىغا تاپشۇرىدۇ.

26 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن خىزمەت دوكلاتىنى مۇدىرلار يىغىنى ئاۋۋال ئالاقىدار تارماقنىڭ تەكشۈرۈپ پىكىر بېرىشىگە تاپشۇرسا بولىدۇ. ئۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى مۇدىرلار يىغىنى بېكىتىدۇ.

27 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنى خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلىغان ۋە قاراپ چىققاندىن كېيىن، زۆرۈر تېپىلغاندا مۇناسىپ قارار ياكى بېكىتمە چىقارسا بولىدۇ. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى دوكلاتقا رازى بولمىسا، دوكلات قىلغۇچى ئورگان ياكى تارماق تولۇقلىما دوكلات بېرىشكە ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ كېلەر قېتىملىق ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىغىنىدا قايتا دوكلات بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. قارار ياكى بېكىتمە چىقىرىلمىسا، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت تارمىقى يىغىننىڭ قاراپ چىقىش پىكىرلىرىنى رەتلەپ، دوكلات قىلغۇچى ئورگاننىڭ بېجىرىشىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

دوكلات قىلغۇچى ئورگان ياكى تارماق بېجىرىشكە ئەۋەتىپ بېرىلگەن پىكىرلەرنى ئەستايىدىل بېجىرىشى،

بېجىرىش نەتىجىسىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ كېلەر قېتىملىق ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىغىنىغا دوكلات قىلىشى لازىم.

28 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت شۇ دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنى، سوت ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ۋە خىزمەت ئەھۋالىنى، شۇنىڭدەك شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى سايلىغان ياكى دائىمىي كومىتېت تەيىنلىگەن دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى باھالىسا بولىدۇ. باھالاش چارىسى دائىمىي كومىتېتنىڭ باھالاشقا دائىر بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

## 6 ـ باب سۈرۈشتۈرمە قويۇش، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى قالدۇرۇۋېتىش ۋە تولۇقلاپ سايلاش

29 ـ ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنى مەزگىلىدە، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن بەشتىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، دائىمىي كومىتېتقا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۈستىدە يازما سۈرۈشتۈرمە قويسا بولىدۇ.

سۈرۈشتۈرمىگە سۈرۈشتۈرۈلگۈچى، سۈرۈشتۈرۈلىدىغان مەسىلە ۋە مەزمۇنلار ئېنىق يېزىلىشى شەرت.

سۈرۈشتۈرۈلىدىغان ئىشلار ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملار ۋە يەرلىك نىزاملارغا خىلاپ بولغان، خىزمەتتىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىققان، مەسئۇلىيەتسىزلىق قىلغان، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان مەسىلىلەر دائىرىسىدە بولىدۇ.

30 ـ ماددا سۈرۈشتۈرمىگە مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارى بىلەن سۈرۈشتۈرۈلگۈچى ئورگان دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ئاغزاكى جاۋاب بېرىدۇ ياكى سۈرۈشتۈرۈلگۈچى ئورگان يازما جاۋاب بېرىدۇ.

ئاغزاكى جاۋاب بېرىلىدىغان سۈرۈشتۈرمىگە سۈرۈشتۈرۈلگۈچى ئورگاننىڭ مەسئۇلى يىغىنغا كېلىپ جاۋاب بېرىدۇ؛ يازما جاۋاب بېرىلىدىغان سۈرۈشتۈرمىگە سۈرۈشتۈرۈلگۈچى ئورگاننىڭ مەسئۇلى ئىمزا قويىدۇ ھەمدە ئۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا ياكى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن سۈرۈشتۈرمە قويغانلارغا تارقىتىشنى مۇدىرلار يىغىنى بېكىتىدۇ.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى سۈرۈشتۈرمە قويغانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى سۈرۈشتۈرۈلگۈچى ئورگاننىڭ جاۋابىغا رازى بولمىسا، داۋاملىق سۈرۈشتۈرمە قويسا ھەم قايتا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، دائىمىي كومىتېت سۈرۈشتۈرمىدە قويۇلغان مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقارسا بولىدۇ.

31 ـ ماددا سۈرۈشتۈرمىگە جاۋاب بېرىلىشتىن بۇرۇن، سۈرۈشتۈرمە قويغۇچى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلسا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، شۇ سۈرۈشتۈرمىنى قاراپ چىقىش توختىتىلىدۇ.

32 ـ ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، مۇدىرلار يىغىنى ياكى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، دائىمىي كومىتېتقا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا سايلانغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى قالدۇرۇۋېتىش توغرىسىدا يازما تەكلىپ بەرسە بولىدۇ. قالدۇرۇۋېتىش تەكلىپىگە قالدۇرۇۋېتىش سەۋەبى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

دائىمىي كومىتېت قالدۇرۇۋېتىش تەكلىپىنى قاراپ چىققاندا، قالدۇرۇۋېتىلىدىغان ۋەكىل مۇدىرلار يىغىنى ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ئۆزىنى ئاقلاش پىكرىنى ئاغزاكى ياكى يازما بېرىشكە ھوقۇقلۇق. ئۆزىنى ئاقلاش پىكرىنى يىغىنغا تارقىتىشنى مۇدىرلار يىغىنى بېكىتىدۇ.

قالدۇرۇۋېتىش تەكلىپى قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن، مۇدىرلار يىغىنى ئۇنى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋاز بېرىشكە سۇنىدۇ.

33 ـ ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايوندىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىكنىڭ ئورنى بوش قالسا، دائىمىي كومىتېت ئۇنى تولۇقلاپ سايلايدۇ. تولۇقلاپ سايلاش چارىسى سايلام قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

34 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، جىنايەتكە چېتىلىدۇ، دەپ گۇمان قىلىنغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىش، جىنايى ئىشلار بويىچە سوتلاش ياكى ئۇلارغا قانۇندا بەلگىلەنگەن جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا ئىجازەت قىلىش - قىلماسلىقنى دائىمىي كومىتېت يىغىنى قارار قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن جىنايەت سادىر قىلىۋاتقانلىرىنى قانۇن بويىچە تۇتۇپ تۇرۇپ قويۇشتا، ئىجرا قىلغۇچى ئورگان دائىمىي كومىتېتقا دەرھال دوكلات قىلىشى كېرەك، بۇنىڭغا مۇدىرلار يىغىنى ئىجازەت بېرىدۇ ھەمدە دائىمىي كومىتېتنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا سۇنىدۇ.

## 7 - باب سۆزلەش، ئاۋاز بېرىش ۋە قارار، بېكىتمىلەرنى ئېلان قىلىش

35 - ماددا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقانلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندا سۆزلىشى ئادەتتە 15 مىنۇتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئۇلار ئاۋۋال تەلەپ قىلسا، يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، سۆزلەش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىشقا بولىدۇ.

36 - ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تەكلىپلەرنى ئاۋازغا قويۇشتا ئىمزاسىز بېلەت تاشلاش (جۈملىدىن ئېلېكترونلۇق ئاۋاز بەرگۈچ ئىشلىتىش) ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، قول كۆتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ.

37 - ماددا ئاۋازغا قويۇلىدىغان تەكلىپنىڭ تۈزىتىلمىسى بولسا، ئاۋۋال تۈزىتىلمىسى ئاۋازغا قويۇلىدۇ.

38 - ماددا ئاۋازغا قويۇلغان تەكلىپلەر دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللىنىدۇ.

ئاۋازغا قويۇش نەتىجىسىنى يىغىن رىياسەتچىسى نەق مەيداندا ئېلان قىلىدۇ.

39 - ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ماقۇللانغان يەرلىك نىزاملار دائىمىي كومىتېت ئاخباراتى ۋە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تارقىتىلىدىغان گېزىتتە ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىشى كېرەك.

دائىمىي كومىتېت ئاخباراتىدا ئېلان قىلىنغان يەرلىك نىزام نۇسخىسى ئۆلچەملىك نۇسخا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېت يىغىنى چىقارغان قارار، بېكىتمىلەرنى، تەيىنلىگەن - قالدۇرغان كادىرلار ئىسمىلىكىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاساسلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى ماقۇللانغان كۈنى ياكى ئەتىسىلا ئېلان قىلىشى كېرەك.

40 - ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنى چىقارغان قارار، بېكىتمىلەر، ماقۇللىغان ۋە تەستىقلىغان يەرلىك نىزاملار، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى دائىمىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى مەسئۇل بولۇپ، دائىمىي كومىتېت نامىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋاقتىدا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

## 8 - باب يىغىندا قوللىنىلىدىغان تىل ۋە يېزىق

41 - ماددا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتا بېسىپ تارقىتىلىدۇ.

42 - ماددا دائىمىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ۋە گورۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا تەرجىمە قىلىنىدۇ.

## 9 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

43 - ماددا بۇ قائىدىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چۈشەندۈرىدۇ.

44 - ماددا بۇ قائىدە ئېلان قىلىنغان كۈندىن

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 ـ يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە نەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى

( 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى )

« جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خام چوت قانۇنى » دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاسىم توختى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بەرگەن « ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 ـ يىللىق مالىيە نەق چوتى توغرىسىدىكى دوكلاتى » نى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 ـ يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە نەق چوتىنى ھەمدە « ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 ـ يىللىق مالىيە نەق چوتى توغرىسىدىكى دوكلاتى » نى تەستىقلاشنى قارار قىلدى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىغا مەمۇرىي ئىنتىزام چارىسى كۆرۈشكە ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى

( 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى )

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ يىغىنى مۇنۇلارنى قارار قىلدى: 1. « دۆلەت مەمۇرلىرى ۋاقىتلىق نىزامى » دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى ۋە ئەزالىرىدىن مەمۇرىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش، گۇناھ يېزىش، چوڭ گۇناھ يېزىش، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىشتەك چارە كۆرۈشكە توغرا كەلسە، دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىرلار يىغىنى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن قارار چىقىرىپ، دائىمىي كومىتېتقا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

2. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەر، سوتچىلار، تەپتىشلەردىن مەمۇرىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش، گۇناھ يېزىش، چوڭ گۇناھ يېزىش، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىشتەك چارە كۆرۈلىدىغانلىرىنى ئالاقىدار ئورگانلار « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش قانۇنى »، « خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى » ۋە « خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مەمۇرىي تەپتىش خىزمىتى نىزامى » دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، دائىمىي كومىتېتقا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىغا يەرلىك نىزام لايىھەسىنى بىر تۇتاش قاراپ چىقىش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى قارارى

( 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى )

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش قانۇنى» نىڭ 68 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش قانۇنى›نىڭ 68 ـ ماددىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ يىغىنى قاراپ چىقىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىغا يەرلىك نىزام لايىھەسىنى بىر تۇتاش قاراپ چىقىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، دائىمىي كومىتېتقا يەرلىك نىزام لايىھەسىنى قاراپ چىققانلىق ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بېرىش ۋە نىزامنىڭ تۈزىتىلگەن ئورىگىنالىنى سۇنۇش ھوقۇقى بېرىشنى قارار قىلدى.



# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنلەرنىڭ ئىسملىكى

( 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى )

( 1 )

**ئەركىن ئىمىر باقىنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**خەن شۆچىنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**سۇڭ رۇگۇنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**ساتتار ساۋۇتنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**گۇجيايۈنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**ئابدۇللا ھەمدۇللانى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**مەمەت ئېلىنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

مىللەتلەر ـ تىل يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**جاڭ شيۇمىڭنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**گۇڭ چىڭخۋانى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**ئابدۇراخمان پولاتنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**جاپپار ھەبىبۇللانى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**روزى ئىسمايىلنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**چېن زېيۇنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**نىجات ماخمۇتنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**قادىر ھوشۇرنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ـ ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**شارىپقاننى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت زېمىن ـ بايلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**لى جيەنشىننى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**ئامان ھاجىنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**ۋاڭ شىجياڭنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**ئالىم قادىرنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**قايسار جايدارنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**ليۇيىنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشقىي سودا ـ ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**زۇنۇن قۇتلۇقنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**مەتىمىن ياسىننى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**ھەسەن ئايۇپنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

**جۇدېخيۇننى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى.

( 2 )

**ۋاڭ لاڭتاۋ ، جىن لىمىڭلار** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

# غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرايلى

## ــغەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش تەشۋىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى لېكتورلار ئۆمىكى

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە چىقارغان مۇھىم تەدبىرى، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، رايونلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەللاشتۇرۇپ، رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇزاقىچە ئەمىن تېپىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭ ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا ۋە رولغا ئىگە، ئۇ دۆلەت نۇقتىلىق ئاچىدىغان رايون. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلقى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، بۇ تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، پىكرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ياخشى پىلانلاپ، تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئاكتىپ پوزىتسىيە ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كۈتۈۋېلىشى، شىنجاڭنى ئىقتىسادى يۈكسەلگەن، جەمئىيەت تەرەققىي قىلغان، خەلقىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپقان، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان گۈزەل رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

***1. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك***

پارتىيىمىز غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىز بولۇش مەسىلىسىگە بۇرۇندىنلا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. غەربىي رايوننى ئېچىشنى قوللاش، شەرقىي، غەربىي رايونلارنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىشىدىكى مۇھىم فاڭجېندۇر.

50 - يىللاردا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئىچكىرى ئۆلكىلەر (ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار) نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ «ئون چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا» دېگەن داڭلىق ئەسىرىدە دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ سانائىتى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ سانائىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەكىتلىگەنىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «دۆلىتىمىزدىكى يېنىك سانائەت بىلەن ئېغىر سانائەتنىڭ 70 % ى دېڭىز بويىدا، 30 % ى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە. بۇ تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن نامۇۋاپىق ئەھۋال. دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ سانائەت ئاساسىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك، ئەمما سانائەتنىڭ تەرەققىيات قۇرۇلمىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى سانائەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.»

يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى توغرىسىدا «ئىككى ئومۇمىيلىق» تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1988 - يىل

9 ـ ئايدا، ئۇ ئىقتىسادىي خىزمەتتىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەنىدى: «دېڭىز بويىدىكى رايونلار ئېچىۋېتىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، 200 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە بەلۋاغنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك، بۇ چوڭ ئومۇمىيلىقتا چېتىلىدىغان مەسىلە. ئىچكىرى ئۆلكىلەر بۇ چوڭ ئومۇمىيلىققا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. تەرەققىيات مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، دېڭىز بويىدىكى رايونلار كۆپرەك كۈچ چىقىرىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشى لازىم، بۇمۇ بىر ئومۇمىيلىق. ئۇ چاغدا دېڭىز بويىدىكى رايونلارمۇ مۇشۇ ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇشى كېرەك.»

1992 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى قايتا تەكىتلىدى. ئۇ، غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى قاچان، قايسى ئاساستا قوللاش ۋە تېزلىتىش، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش توغرىسىدا چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەندە شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى: دۆلىتىمىزنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلمىغان، ئورتاق بېيىشنى، تەڭلا بېيىشنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، بەزىلەر ئالدىن بېيىدۇ، يەنە بەزىلەر كېيىن بېيىدۇ، تەرەققىياتنى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھەممە تەرەپنى ئومۇميۈزلۈك ئويلىشىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى ئىنتايىن ئېنىق بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن، ئاۋۋال شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاندىن ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ۋە قوللاش، ئاخىرىدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى.

يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بىر يۈرۈش مۇھىم بايانلارنى ۋە يوليورۇقنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1995 ـ يىل 9 ـ ئايدا، يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق كۆرسەتتى: «رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقنى تۈگىتىشتە، رايون ئىقتىسادىنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتتىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە. 9 ـ بەش يىللىق پىلاننى يولغا قويغاندىن باشلاپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ۋە قوللاش، رايونلار پەرقىنى تىرىشىپ كىچىكلىتىش لازىم.»

1997 ـ يىل 9 ـ ئايدا، يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسەتتى: «ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئېچىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەۋزەل كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. دۆلەت ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇل مۇئەسسەسەلەرنى ۋە بايلىقلارنى ئېچىش تۈرلىرىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇپ، قېلىپلاشقان مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئورنىتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ۋە چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. شەرقىي رايونلارنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار بىلەن كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئالاقىلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ۋە پائال ياردەم بېرىش كېرەك. كۆپ تەرەپلىمە تىرىشىش ئارقىلىق رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىش كېرەك.»

بۇلتۇر 3 ـ ئاي، 6 ـ ئاي ۋە 8 ـ ئايلاردا، يولداش جياڭ زېمىن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «غەربىي رايوننى ئېچىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش — پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاقىچە ئەمىن بولۇشىدا ئومۇمىيلىق خاراكتېرگە ئىگە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىدۇر. ئۇ يۈكسەك ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، مۇھىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەت ئىگە.» ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «غەربىي رايوندا ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، شۇنداقلا چېگرا رايون. غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش غەربىي رايوننىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ۋە چېگرا رايوننىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللىي رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا، مۇھىمى بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. ئىقتىساد تەرەققىي قىلسا، جەمئىيەت تەرەققىي قىلسا، ھەممە مىللەت ئورتاق بېيىسا، باراۋەر، ئىتتىپاق بولغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە دۆلەت چېگرىسىنى مۇستەھكەملەش تېخىمۇ كۈچلۈك ماددىي ئاساسقا ۋە ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ئاساسقا ئىگە بولىدۇ.» جياڭ زېمىن ئېنىق قىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دۆلەتنى تەرەققىي تاپقۇزۇشتىكى بىر مۇھىم ئىستراتېگىيە، مۇھىم تەسەۋۋۇر، جۇڭخۇانى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى ئۇلۇغۋار ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ شەرتى ئاساسەن ھازىرلاندى. ھازىردىن باشلاپ بۇنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى سۈپىتىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش لازىم. بىز بۇ شارائىتلارغا پەرۋا قىلماسلىق، بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتماسلىق، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ياخشى قىلماسلىق، تارىخىي خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمىز.»

بۇلتۇر 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، بولۇپمۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.»

بۇلتۇر 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا زوڭلى جۇ رۇڭجى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيانى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش يېڭى ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا قەدەم قويۇش ئالدىدا غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىراقنى كۆرۈپ، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ چىقارغان ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىدۇر، بۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە، مۇھىمى سىياسىي جەھەتتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.» ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، شەرقىي قىسىم دېڭىز بويىدىكى رايونلار تېز تەرەققىي قىلدى، نۆۋەتتە غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى ۋە بۇنىڭغا قۇدرىتىمىز يېتىدۇ. بىز ئىدىيىدە ۋە ھەرىكەتتە مەركەزنىڭ تەدبىرى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە بىرلىككە كېلىشىمىز، كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇشتىكى ۋەزىپە، سىياسەت، تەدبىرنى ئېلىمىي ھالدا تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم.» زوڭلى جۇ رۇڭجى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش تەسەۋۋۇرىنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك، بۇ غەربىي رايوننى

كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئۇلى؛ ئىككىنچى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك، بۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئاساسى؛ ئۈچىنچى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، ئۆزگىچە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، بۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ھالقىسى؛ تۆتىنچى، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك، بۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم شەرتى. جۇرۇڭجى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان مۇشكۇل، ئۇلۇغۋار ئىش، شۇنداقلا كۆلىمى زور بولغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي سىستېما قۇرۇلۇشى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى، ئالدىرىماي پۇختا مەسلىھەتلىشىشىمىز، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆز يېرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈشىمىز، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى چوقۇم ياخشى ئىشلىشىمىز، پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ماس كېلىدىغان يېڭى تەسەۋۋۇر، يېڭى مېخانىزم، يېڭى چارىنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

بۆلتۈر 11-ئايدا ئېچىلغان مەركەز ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا ۋە مەملىكەتلىك پىلان خىزمىتى يىغىنىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، قۇرۇلۇش مەبلىغى، تۈر، سىياسەت جەھەتتە غەربىي رايونغا مايىل بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە قوللىدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن زور ئۈمىد كۈتتى.

1996-يىل 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنى مەزگىلىدە گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ شىنجاڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە «شىنجاڭ چوقۇم ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭ خەلقىغە غايەت زور ئىلھام بەردى، جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

1998-يىل 7-ئايدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە رايون، سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسۇن بىز شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى ھەر جەھەتتىن تېزلىتىشىمىز لازىم.» ئۇ مۇنداق دېدى: مەركەزنىڭ قارىشىچە، شىنجاڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە، ئۇنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ، بولۇپمۇ كېيىنكى ئەسىردىكى ئىقتىسادنىڭ مۇھىم ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش لازىم. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى چەكسىز پارلاق، مەركەز شىنجاڭدىن زور ئۈمىد كۈتىدۇ.

بۆلتۈر 12-ئاينىڭ 6-كۈنى كومىتېت باشلىقى لى پېڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا ئومۇمىي لىنىيە بويىچە قاتناش باشلانغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قۇرۇلۇشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن تۈزگەن مۇھىم تەدبىرىدۇر. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: پارتىيە ۋە دۆلەت غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تارىخىي پۇرسەت ياراتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.»

بۆلتۈر 10-ئاينىڭ 19-كۈنى زۇڭلى جۇرۇڭجى گوۋۇيۈەندە شىنجاڭنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: مەركەزنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان فاڭجېن، سىياسىتى ۋە باش شۇجىنىڭ يوليورۇقىغا

ئاساسەن ، گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ، شىنجاڭنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قوللىدى، بۇ مۇھىم ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي ، مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە . بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرىمىزنى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، مىللىي سىياسەتنى ياخشى ئىجرا قىلىشىمىز ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم . نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى قانداق قوللاش كېرەك؟ مېنىڭچە بۇنىڭدا ئىككى يول بار . بىرىنچىسى ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش چاقىرىقىغا ئاساسەن ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى جەھەتتە شىنجاڭغا زور كۈچ بىلەن مايىل بولۇش كېرەك ، بۇ يەردە «زور كۈچ بىلەن» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇشۇمىدىكى سەۋەب شىنجاڭ ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنىڭ غەرب، شەرق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ . ئىككىنچىسى ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش كېرەك . شىنجاڭ كونا يولدا مېڭىۋېرىدىغان بولسا ، يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ . شۇڭا ، سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كېرەك . نۆۋەتتە ، ئەنئەنىۋى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتتى، شۇڭا ئۇنى يەنە كۆپەيتىشكە بولمايدۇ . قاتناش ۋە سۇچىلىقنى ئاساس قىلغان ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، نېفىت ، تەبىئىي گازنى تۇرۇبىدا ئارقىلىق شەرققە يۆتكەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ ، بايلىق مەنبەلىرىدىن مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىپ ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك ؛ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ تەڭشەش كېرەك ، دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن قارىغاندا ، كېۋەز تېرىش كۆلىمىنى بەك كېڭەيتىۋەتمەسلىك ، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش كېرەك ، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلارنىڭلا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى بولىدۇ . بەزى تېرىلغۇ ئېتىزلارنى ئورمانلىققا، ئوتلاققا ئۆزگەرتىش ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنۇمى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىشقا ئۆزگەرتىش كېرەك .

ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلقى مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق تونۇپ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىنى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇپ ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، بۇ ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك نىشاننىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك .

***2 . غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش كېرەك***



غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلە . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، غەربىي رايوننى ئېچىپ ، بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . ئەمما ، تارىخىي سەۋەب ۋە خىلمۇخىل شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن غەربىي رايون بىلەن شەرقىي رايوننىڭ تەرەققىياتىدا يەنىلا خېلى زور پەرق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى . ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى 20 يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچلۇق نىشانى ئەمەلگە ئاشتى ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇمەن ھاللىق سەۋىيىگە قەدەم قويدى . دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇشتا قۇدرىتى يېتىدىغان بولدى . غەربىي رايونلار كۆپ يىللىق قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق مەلۇم ماددىي ئاساسقا ئىگە بولدى ، غەربىي رايوننىڭ تەرەققىيات يولى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشتىمۇ

مەلۇم تەجرىبىلەر توپلاندى. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە بۇ رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ پەيتى كەلدى، شەرتى ھازىرلاندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى ئومۇمىيلىق» ئىدىيىسىگە ئاساسەن، غەربىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى.

ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك پىلانى باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتە، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى، بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، چىقارغان مۇھىم تەدبىرىدۇر. بىز ئومۇمىيلىق، ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئىدىيىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۇەننىڭ تەدبىرىنىڭ روھى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئۇدا، تېز سۈرئەتتە ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئىش. غەربىي رايوننىڭ يېرى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ئارقىدا قالغان، خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئاشۇرۇش، بازارنى ئېچىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئىنتايىن زور. غەربىي رايوننىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ــ غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى كۆپەيتىپلا قالماي، بەلكى شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ يېڭى بازار ۋە بايلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىككىنچى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ئۇرۇنلاشتۇرۇشتۇر. غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولغاچقا، بازار ئېھتىياجى ۋە كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تەلىپىگە ماسلىشالمايدۇ. نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مۇھىم مەسىلە شۇكى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ناچار، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇمچە قىممىتى تۆۋەن، «ئىپتىدائىي» دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى كۆپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن؛ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشقا زىيادە تايىنىۋالغان، بايلىق ئەۋزەللىكى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلىنالمىغان؛ سانائەتنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەركىبى تۆۋەن، رىقابەت ئىقتىدارى ئاجىز؛ ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، بازارنىڭ يېتىلىش دەرىجىسى تۆۋەن. بۇ، غەربىي رايوننىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە كارخانىلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەل بازارلىرىدا رىقابەتتە پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، تېز سۈرئەتتە، ساغلام راۋاجلىنىشىنى چەكلەيدىغان گەۋدىلىك مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى داۋاملىق تېزلىتىش بىلەن بىرگە، غەربىي رايونلارنى ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، رايون ئىگىلىكىنىڭ ئورۇنلىشىشىنى پەيدىنپەي مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم ۋەزىپىدۇر.

ئۈچىنچى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ــ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ۋە چېگرىنى مۇستەھكەملەشنىڭ تۈپ كاپالىتى. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 80% تىن كۆپرەكى غەربىي رايوندا، قۇرۇقلۇق چېگرىسىنىڭ 80 % تىن كۆپرەكىمۇ غەربىي رايوندا. چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىكى مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ۋە بۆلگۈنچى-

لىك قىلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشىمىز لازىم. تەرەققىيات بىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەندىلا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرغىلى، دۆلەتنى ئۇزۇنغىچە ئەمىن تاپقۇزغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش رايون پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىپ ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر تەلىپى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، شەرق بىلەن غەربنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرق يەنىلا زور بولدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى، ئېزىشنى، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى يوقىتىپ، ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىدۇر. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم رايونلارنىڭ ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا يول قويۇپ، مەلۇم مەزگىلگە كەلگەندە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كېيىن تەرەققىي قىلغان رايونلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، بۇ ئارقىلىق ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. شۇڭا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش زۆرۈر.

### *3. شىنجاڭنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىشتىكى ئورنى ۋە رولى*

غەربىي رايوننى ئېچىشتا شىنجاڭ ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن ۋە رولغا ئىگە.

بىرىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى زور، ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش 21 - ئەسىردە دۆلىتىمىزنىڭ رايون ئىقتىسادىنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلق ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىكى ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى. شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى، غەربىي رايوننىڭ 30% ىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇ غەربىي رايوندا ئېچىلمىغان مۇھىم جاي. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن شەرقتىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا پەرق خېلىلا زور، ئاساسلىقى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستا. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن، مالىيىدە قىيىنچىلىق ئېغىر، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قېلىش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى تېزدىن ئۆزگەرتىلمەيدىغان بولسا، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، شەرق بىلەن غەربنىڭ پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش ۋە رايون ئىقتىسادىنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭنى ئېچىش — شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رايون ئىقتىسادىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش، ئەڭ ئاخىرى ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىدۇر.

ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايون بولۇپ، مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە. ئېچىش ئارقىلىق، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغدىغىلى ۋە چېگرا رايوننى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بېرىنىپ تاقىلىدۇ. شىنجاڭ سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چېگرا ئۇزۇنلۇقى 5600 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر نىسبەتەن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ ئاغدۇرمىچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. شىنجاڭنى ئېچىش قەدىمىنى

تېزلەتكەندە، ئىقتىسادنى ۋە جەمئىيەتنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرگىلى؛ دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستىنى بەرباد قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە چېگرىنى مۇستەھكەملەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچلۈك ماددىي ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي ئاساسقا ئىگە قىلغىلى؛ ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مۇقىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئېچىشقا بولىدىغان بايلىق يوشۇرۇن كۈچى زور، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئارقىلىق، شەرقنىڭ ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېڭى تەرەققىيات رايونىغا ئىگە قىلغىلى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە تېخىمۇ كەڭ ياشاش مۇھىتى يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇ-تۇپراق بايلىقى مول، ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان، دېھقانچىلىق قىلىشقا باپ كېلىدىغان قاقاسلىق 73 مىليون مودىن ئاشىدۇ، بۇ مەملىكەت بويىچە ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەرنىڭ 13.9% ىنى ئىگىلەيدۇ؛ پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاق 700 مىليون مودىن ئاشىدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ؛ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 88 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان سۇ بايلىقى مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت سەۋىيىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق، سۇ، تۇپراق بايلىقى شارائىتى ئىنتايىن ياخشى، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. ھازىرغىچە 134 تۈرلۈك كان بايلىقى بايقالغان بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بايقالغان كان بايلىقى تۈرىنىڭ 80% ىنى ئىگىلەپ 2-ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ نېفىتنىڭ مۆلچەرلەنگەن زاپاس مىقدارى 30 مىليارد توننىغا يېتىدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەت نېفىت ئومۇمىي زاپىسىنىڭ 35% ىنى ئىگىلەيدۇ؛ تەبىئىي گازنىڭ مۆلچەرلەنگەن زاپاس مىقدارى 10 تىرىليون 300 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەت قۇرۇقلۇق تەبىئىي گاز ئومۇمىي زاپىسىنىڭ 34% ىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ساياھەت بايلىقىمۇ ئىنتايىن مول، ساياھەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ئىنتايىن زور.

بۇ بايلىقلارنى ئېچىش ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى مەبلەغ سېلىش ۋە ئىستېمال ئېھتىياجىنى كېڭەيتىشنى يوشۇرۇن بازارغا ئىگە قىلغىلى، ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرگىلى بولۇپلا قالماي، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆزگىچە ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشنى تېزلەتكىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقىي رايونلارنىڭ بىر قىسىم مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئەمگەك كۈچلىرى يېڭى بازارغا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، بۇ ئارقىلىق قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئامىلىنى تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات بوشلۇقى بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، شىنجاڭ غەربكە ئېچىۋېتىلىشتەك جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە، ئېچىش ئارقىلىق ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇش ئېلىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئېلىمىز سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنى شەرققە قارىتا ئېچىۋېتىشتىن باشلىغان، شەرققە قارىتا ئېچىۋېتىش باشتىن-ئاخىر ئېچىۋېتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ كەلدى ھەمدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. غەربكە قارىتا ئېچىۋېتىش كېيىنرەك باشلاندى، ھازىر ئۇ دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ. مۇۋاپىق بولغان سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىش نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىش، شەرققە قارىتا ئېچىۋېتىشنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە، غەربكە قارىتا ئېچىۋېتىشنى قوشۇمچە قىلىش، بازارنى كۆپ قۇتۇپلىشىش يولىغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىش، دەريا، دېڭىز، چېگرا، كۆۋرۈك بويلىرىنى ئېچىۋېتىش،

بىر-بىرىنى تولۇقلاش، بىر-بىرىگە تايىنىشتەك ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. شىنجاڭ ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ غەربكە قارىتا ئېچىۋېتىلگەن مۇھىم قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى، ھازىرغىچە ئېچىۋېتىلگەن 16 چېگرا ئېغىزى ئون نەچچە ناھىيە، شەھەرگە جايلاشقان، ياۋروپا-ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ۋە ئاسىيا-ياۋروپا نوركابېلىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى، غەربكە قارىتا ئېچىۋېتىشنى ياخشى شارائىتقا ئىگە قىلدى. ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلىغىلى، چەت ئەل، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ھاۋا قاتنىشىنى ياخشىلىغىلى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقئارا سودا مەركىزى قۇرۇپ چىققىلى، دۆلىتىمىزنىڭ غەربكە قارىتا ئېچىۋېتىش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

بىز قەتئىي بوشاشماي كۈرەش قىلىدىغانلا بولساق، شىنجاڭنىڭ كېلەچىكى ئىنتايىن گۈزەل بولىدۇ. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئارقىلىق، 10-بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە بارغاندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە، ئالاقە قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ؛ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىپ كېتىش ئەھۋالى تىزگىنلىنىدۇ، دېھقانچىلىقتا سۇ تېجەش كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلما تەڭشىلىدۇ ۋە ئەلالاشتۇرۇلىدۇ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپ ۋە ئالاھىدە مەھسۇلاتلار دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولىدۇ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ سۈپەتلىك پاختا بازىسىغا ۋە غەربىي رايوندىكى مۇھىم نېفىت ۋە نېفىت-خىمىيە سانائىتى بازىسىغا ئايلىنىدۇ؛ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشتە خېلى زور تەرەققىيات بارلىققا كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقئارا سودا مەركىزى بولۇشتەك ئورنى تىكلىنىدۇ؛ كىچىك شەھەر-بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشىدا تەرەققىيات تېز بولىدۇ، شەھەرلىشىش سۈرئىتى تېزلىشىدۇ؛ ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆسىدۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم شەرقىي رايونلارنىڭ سەۋىيىسىدىن زور پەرقلەنمەيدۇ، نامراتلىق ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا يەنە بىر قانچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شۇ مەزگىلدىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلىدۇ، قاتناش راۋانلاشتۇرۇلىدۇ، بوستانلىق كۆلىمى كېڭەيتىلىدۇ، ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشتا مۆلچەرلەنگەن ئونۇم قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان بىر تۈركۈم زامانىۋى شەھەرلەر بارلىققا كېلىدۇ، خەلق تۇرمۇشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلىدۇ، ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە نوپۇس، بايلىق، مۇھىت تەرەققىياتىدا ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈللەنگەن، جەمئىيەت تەرەققىي قىلغان، سىياسىي جەھەتتىن مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

## *4. شىنجاڭنى ئېچىشتىكى مۇھىم نۇقتا*

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش كۆلىمى زور بولغان سىستېما قۇرۇلۇشىدۇر، شۇنداقلا مۇشكۈل تارىخىي ۋەزىپىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە ھەم تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى، ھەم ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىشتەك ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى لازىم. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆز كۈچىمىزگە يارىشا ئىش كۆرۈشىمىز، ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا پىلانلاپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ نىشان، قەدەم-باسقۇچى ۋە سىياسەت تەدبىرلىرىنى ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10-بەش يىللىق پىلانىغا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىغا كىرگۈزۈشىمىز لازىم. نۆۋەتتە ۋە بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئېچىشنىڭ ئاساسى قىلىش؛ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىشنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش؛ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەشنى ئېچىشنىڭ ھالقىسى قىلىش؛ پەن-تېخ-

نىكىنى، مائارىپنى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى ئېچىشنىڭ مۇھىم شەرتى ۋە كاپالىتى قىلىش لازىم. مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك:

(1) قاتناش، سۇچىلىق ئاساس قىلىنغان ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئون مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دائىرىدىكى تۆمۈريول ۋە تاشيولنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن تۇردى، سۇچىلىق ئەسلىھەلىرى ئاز ۋە كونىراپ كەتتى، ھازىر بار بولغان ئۇل مۇئەسسەسەلەر كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. شۇڭا، قاتناش، سۇچىلىق قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئاۋۋال ئېلىپ بېرىش كېرەك.

(2) ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىسمەن جايلىرىنىڭ ئېكولوگىيىسى ناچارلىشىپ، مۇھىت سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىش مەسىلىسى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولدى. ئېچىش جەريانىدا، ھەم ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بۇلغىنىشنى تۈزەشنى كۈچەيتىش، ھەم ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ يېڭىۋاشتىن ناچارلىشىپ كېتىشىنىڭ ۋە مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تاغلىق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، بوستانلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى نۇقتىلىق بەرپا قىلىپ، قاقاسلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تىرىشىپ قوغداپ، مۇھىت بۇلغىنىشىنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، قۇرغاقچىلىق، شورلىشىش، قۇم ـ بوران، بۇلغىنىش قاتارلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

(3) بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش

كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشى، بازار ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالماسلىق — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى ئاساسلىق مەسىلىدۇر. غەربىي رايوننى ئېچىشتىكى پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بازارنى يېتەكچى قىلىپ، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلگىرىلەپ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش لازىم.

ئۆزگىچە ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. مول سۇ، تۇپراق، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقىدىن پايدىلىنىپ رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانچىلىقتا سۇ تېجەشنى، ئېكولوگىيە يېزا ئىگىلىكىنى، ئۈنۈم يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شارائىتى بار جايلار سەرخىللاشقان يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم. مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ سۈپەتلىك پاختا بازىسىنى قېتىمي قۇرۇپ، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئەلا سۈپەت، تۆۋەن باھا بىلەن بازار رىقابىتىگە ئاتلىنىش كېرەك. جايلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نەشپۈت، قوغۇن، ئۈزۈم، ئانار، بادام، شوخلا، زاراڭزا، جۇڭگى دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىق داڭلىق، ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنى كۈچلۈك يېزا ئىگىلىك رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

نېفىت، تەبىئىي گاز سانائىتىنى كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. زاپاس مىقدارىنى كېڭەيتىپ، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى قىلىپ، ئۈچ چوڭ نېفىتلىكنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. شىمالىي تارىم نېفىتلىكىدىكى تەبىئىي گازنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ۋە توشۇش بازىسى قۇرۇپ، «غەربنىڭ

گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنى بايلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىغا ئىگە قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز سانائىتىدە ئىستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ نېفىت، تەبىئىي گاز سانائەت بازىسى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئۆزگىچە سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىقنى ئاساس قىلىپ، ئۆزگىچە سانائەتنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە يۆلەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياخشىلىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش، ئۆزگىچە سانائەتنى كۈچەيتىش لازىم. بىرىنچىدىن، توقۇمىچىلىق سانائەت تېخنىكىسىنى ياخشىلاپ، مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، سۈپەتلىك تالا، سۈپەتلىك رەخت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئالتۇن، مىس قاتارلىق رەڭلىك مېتال بايلىقىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈپ، ئېچىشنى تېزلىتىپ، رەڭلىك مېتال سانائىتى بازىسى بەرپا قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، شوخلا، زاراڭزا، ئۈزۈمنى ئاساس قىلغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شوخلا قىيامى، ئۈزۈم ھارىقى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان يېمەكلىك سانائىتى بازىسىنى پەيدىنپەي قۇرۇپ چىقىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىنى چوڭلۇقتىن كۈچلۈكلۈككە ئايلاندۇرۇپ، تاش ماتېرىياللىرى، بېزەش ماتېرىياللىرىنى ئېچىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ساياھەت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، مەنزىرىلىك رايونلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئەسلىھەلىرىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، ئېگىز تاغ مەنزىرىلىك رايونلىرىنى، ئوتلاق مەنزىرىسى ۋە داڭلىق مەنزىرىلىك جاي قاتارلىق ئۆزگىچە ساياھەت تۈرلىرى ۋە ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى پائال ئېچىپ، «ئىككى كۆل» نى ئېچىشنى ئاساس قىلىپ، قاناس كۆلىنى ئاساس قىلغان ئېكولوگىيە ساياھەت رايونى، باغراش كۆلى ۋە بوغدا كۆلىنى ئاساس قىلغان مەنزىرە ساياھەت رايونى، تۇرپاننى ئاساس قىلغان قەدىمىي مەدەنىيەت ئاسارئەتىقە ساياھەت رايونى ۋە قەشقەرنى ئاساس قىلغان مىللىي ئۆرپ-ئادەت ساياھەت رايونى قۇرۇپ، ساياھەتچىلىكنى يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

### (4) پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش

ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدا پەن-تېخنىكا، كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسى نىسبەتەن ئارقىدا، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش ئاستا، مائارىپنىڭ سۈپىتى ۋە ئومۇملىشىش نىسبىتى تۆۋەن. ئەگەر بۇنداق ئەھۋال ئۆزگەرتىلمىگەن بولسا، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش شەرتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، پەن-تېخنىكىغا، مائارىپقا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇش كېرەك.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىپ، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، پەن-تېخنىكىنى كېڭەيتىش ۋە پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش لازىم. دېھقانچىلىق پەن-تېخنىكىسىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، يۇقىرى ھوسۇل، ئەلا سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان سۇ تېجەش، يېتىشتۈرۈش قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش ئاساسىدا بىئولوگىيىلىك تېخنىكا، گېن قۇرۇلۇشى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئېچىپ، كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم. ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىپ ئەنئەنىۋى كەسپلەرنى ئۆزگەرتىپ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاساسلىق ساھەلەر ۋە نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكا، ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھۈنەر-سەنئەت ئۈسكۈنىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. پەن-تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېزلىتىپ پەن تەتقىقات، ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش، بازار ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش لازىم. پەننى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن-تېخنىكا ئېڭى ۋە تېخنىكا

سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ساپا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇش، بولۇپمۇ ھەرقايسى ساھەلەردە ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق، مائارىپنى كەسىپلەشتۈرۈپ، ئالىي مائارىپنى ئامموۋىلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ياردىمى بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، زامانىۋىلاشقان مائارىپ ۋاستىلىرىگە ۋە يۇكسەك ئۇچۇرلىشىش دەرىجىسىگە ئىگە مائارىپ ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىختىساسلىقلارنى شىنجاڭنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش لازىم.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە شەھەرلىشىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم. شىنجاڭنىڭ بوستانلىق ئىگىلىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كۆپ خىللاشقان شەھەرلىشىش يولىغا مېڭىپ، چوڭ شەھەرلەرنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش، كىچىك شەھەر ـ بازارلارنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش لازىم.

*5. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى كۈتۈۋېلىشتا شىنجاڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال ئىشلىشى لازىم*

مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا بۇ يىل ماھىيەتلىك قەدەم تاشلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كۈچلۈك سىياسىي قىزغىنلىق، يۇكسەك خوجايىنلىق روھ ۋە ئەستايىدىل، پۇختا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

(1) ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ شىنجاڭنى ئېچىشقا پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس سېلىش لازىم. تەبىئىي جۇغراپىيىۋى شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى سەۋەبىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى قارىشى ۋە ھەرىكىتى زامانىۋى ئىقتىسادىي جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، ناتۇرال ئىگىلىك ۋە پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ كونا ئەنئەنە، كونا كۆز قاراشلىرى ساقلانغان بولۇپ، بازار رىقابىتىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىش قارىشى تېخى ھەقىقىي شەكىللەنمىگەن؛ ئىككىنچى، مۈلۈكچىلىك مەسىلىسىدە دادىل بولۇش، قەدەمنى چوڭراق بېسىش جەھەتتە يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىنمىغان، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە تەخىرسىزلىكىگە يېتەرلىك تونۇش كەمچىل، بولۇپمۇ غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتا ئاڭلىقلىق دېگەندەك يېتەرلىك ئەمەس. ھەرىكەت قەتئىي ئەمەس، تەدبىر ئەمەلىيلەشمىگەن؛ ئۈچىنچى، چەت ئەل مەبلىغىنى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىسى ھەم تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش، يۇقىرى تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەكلىپ قىلىش، ئىشلىتىش جەھەتتە، ئىستراتېگىيىلىك يىراقنى كۆرەرلىك ۋە كەڭ قورساق بولۇش ئېڭى كەمچىل، «بايلىقنى تېخنىكىغا ئالماشتۇرۇش»، «مۈلۈك ھوقۇقىنى بازارغا ئالماشتۇرۇش» قاتارلىق ئەۋزەللىكنى ئۆزئارا تولۇقلاش، ئۆزئارا ئېتىبار بېرىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتەك بىرلەشمە ھەمكارلىق پرىنسىپىدا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا بايلىقنى ئەللاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزگەن؛ تۆتىنچى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتىشتەك ئىلگىرىلەش روھى يېتەرسىز، يۇقىرىنىڭ يۆلىشىگە ھەددىدىن زىيادە تايىنىۋېلىنغان، كۈتۈش، تايىنىش، ئېلىش ئىدىيىسى كۈچلۈك.

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتكە ئىگە قىلدى، شۇنداقلا كۆپ تەرەپلىمە خىرىس ئېلىپ كەلدى. بىز غەربىي رايوننى ئېچىش

پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر تەشۋىقات ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار ۋە ئاممىغا دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇتۇشىمىز، ئىدىيىدە مەركەزنىڭ سىياسىتىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئىدىيىمىزنى يېڭىۋاشتىن زور دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، ئىدىيە، جىسمانىي، روھىي قىياپىتىمىزدە ۋە ھەرىكىتىمىزدە زور بۇرۇلۇش ياسىشىمىز لازىم. «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» نىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىدىيىمىزنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى، بازار ئېڭى، ئېچىۋېتىش ئېڭى، رىقابەت ئېڭى، خېيىمخەتەر ئېڭى ۋە ئۈنۈم ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم.

ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ كۆز قاراشنى يېڭىلاشتا ھەر دەرىجىلىك كادىرلار باشلامچى بولۇشى، رەھبەرىي كادىرلار مۇھىم رول ئوينىشى لازىم. بارلىق كادىرغا غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ يېپيېڭى تۈزۈلمە ئارقا كۆرۈنۈشى، بازار ۋەزىيىتى ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مۇھىتىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى تونۇتۇش كېرەك. شۇڭا، شىنجاڭنى ئېچىشتا ھەرگىزمۇ ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىدىكى مەركەز مەبلەغ سېلىپ تۇر تۇرغۇزۇپ بېرىشتەك كونا يولدا مېڭىشقا بولمايدۇ، گەرچە مەركەز مالىيىسى سېلىنمىنى ئاشۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسلىقى يەنىلا جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا تايىنىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلار مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيە، سىياسەتلەرنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى، ياخشى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ماسلىشىشى، ئىچكى بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋە بازارنىڭ كەلگۈسى ۋەزىيىتىنى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ۋە يېڭى ئېچىۋېتىش مۇھىتىنى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ WTO غا كىرىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشى لازىم. يېڭى تەرەققىيات قارىشى، يېڭى بايلىق قارىشى، يېڭى ئۈستۈنلۈك قارىشى ۋە يېڭى پىلان قارىشىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

(2) ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سالمىقىنى تېخىمۇ زورايتىش لازىم. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك بازار سۇبيېكتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى تېزلىتىش لازىم؛ دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئورۇنلىشىشى ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، دۆلەت كاپىتالى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ توپلىشىپ جايلىشىشىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپكە ئايلاندۇرۇش؛ چەت ئەل مەبلىغىنى، چەت ئەل كارخانىلىرىنى جەلپ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش؛ ئاپتونوم رايونىمىزدا تاۋار ۋە بازارنىڭ يېتىلىشى، بازار پرىنسىپىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە بازار تەرتىپىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى تېزلىتىش؛ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئىلگىرىكىدەك كارخانىلارنى كەسىپلەر تەۋەلىك پرىنسىپى بويىچە باشقۇرۇشنى، شۇ كارخانا تۇرۇشلۇق ئورۇن باشقۇرۇش پرىنسىپىغا ئۆزگەرتىپ، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىگە يۈزلەنگەن بارلىق بازار سۇبيېكتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرۇش ۋە سىياسەت ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق، ياخشى رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە تۇرمۇش مۇھىتى بەرپا قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن كەلگەن مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئاپتونوم رايونىمىزغا مەبلەغ سالسا مۇۋاپىق نەپكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

(3) مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش كېرەك. ئېلىمىز غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش

ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، قېلىپلاشقان مەركەز مالىيىسىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى ئورنى‐تىپ ۋە يولغا قويۇپ، جانلىق بولغان مالىيە، باج تۈ‐زۈمىنى قوللىنىپ، غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىپ قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، چەت ئەل مەبلىغىنى ئىشلىتىشتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدۇ. شۇڭا بىز هازىر بار بولغان ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى‐نى چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا تېز كىرىشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، زور كۈچ سەرپ قىلىپ تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايون چاغاندىن كېيىن ئاچقان ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى‐نىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتى يىغىنىدا، ئالدىن‐قى باسقۇچلۇق خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى مۇكەم‐مەللەشتۈرۈلدى، خىزمەت خىراجىتى ئەمەلىيلەشتۈ‐رۈلدى، زور بىر تۈركۈم ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىگە تەييارلىق كۆرۈلدى، شاللىۋېتىلدى، دۆلەتنىڭ قول‐لىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىر تۈركۈم تۈرلەردە پات ئاردا ئىش باشلاش قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر تۈركۈم تۈرلەر 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە قۇرۇلىدۇ، شىنجاڭنى ئېچىش تۈرلىرىنىڭ بىر تۈركۈمىنى ئىش‐لەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش، بىر تۈركۈمدە قۇرۇلۇش قىلىش، بىر تۈركۈمدە ئىش باشلاش، بىر تۈركۈمگە تەييارلىق كۆرۈشتەك ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش ئە‐مەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

(4) ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس قىلىش قائىدىسىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. شىنجاڭنى ئېچىش ئۇنۇمىنىڭ قانداق بولۇشىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەر‐نىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئىنتايىن مۇهىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ياخشى تاشقى ئامىل شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئەمما ئىچكى ئا‐مىل ماددىلارنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان تۈپكى ئامىل هېسابلىنىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەق‐قىي قىلدۇرۇش شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەت بىر مەقسەتتە تىرىشىشىغا باغلىق. شۇڭا، بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، تىرىشچان ، ئىقتىسادچان بولۇش، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روهىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ، تىرىشىپ كۆرەش قىلىدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىمىز ۋە تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل كېلەچەك بەرپا قىلالايمىز.


غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتې‐گىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت. پۇرسەتنى چىڭ تۇتقاندىلا، ئۇنى پارلاق رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغاندا، تېخىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز ۋە باشقىلارنىڭ ئار‐قىسىدا قالىمىز. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇق‐دىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمىتىنىڭ رەهبەرلىكىدە ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە غەربىي رايوننى ئېچىشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، تەشۋىق قىلىپ، تەتقىق قىلىپ ۋە ئۆزىمىزنى بېغىشلاپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە تېخىمۇ زور تۆهپە قوشايلى.

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى)

نۇرگۈل كېرىم تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇهەررىر : نۇرگۈل كېرىم

تېلېفون : 61203 ـ 4828065



# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

( بېشى ئۆتكەن سانلاردا )

*6 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن قانداق ئالاقە باغلايدۇ؟*

ۋەكىللەر قانۇنىدا: «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئالاقە باغلاپ تۇرۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ كۈچەيتىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە باغلاش يوللىرى ۋە تەدبىرلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. مەسىلەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىدا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە باغلاشقا مەسئۇل بولىدىغان مەخسۇس خىزمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋېلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ھال ئېيتىپ كەلگەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋېلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئۇنداقتا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقاندا، قانداق قىلىپ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىنى ھەر ۋاقىت قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؟ ھەر بىر ۋەكىلنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ، ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولۇشىمۇ ناتايىن. ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى ئارىلىقىدا، ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە باغلاشتا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل ئۇسۇلنى قوللىنىۋاتىدۇ:

1. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھاۋالە قىلغان ۋەكىللەر تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان ۋەكىللەرنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىدۇ.

2. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ۋە تەلىپى بويىچە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا ۋە ئالاقىدار يىغىنلارغا سىرتتىن قاتنىشىدۇ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ۋە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ.

3. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بېسىپ تارقاتقان ئالاقىدار ژۇرنال ۋە ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىگە قارىتا تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنى بېرىدۇ.

4. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئاپپارات ئەھۋالىنى ئىگىلەيدۇ، ۋەكىللەر ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقاندا، ھەر ۋاقىت ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرسە بولىدۇ.

5. ۋەكىلنىڭ خىزمەت ئورنى، ئالاقىلىشىش ئادرېسىدا ئۆزگىرىش بولسا، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش تارماقلىرىغا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇش كېرەك.

*7 . مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ*

***ۋەكىللىرى پويىز بېلىتى، ئايروپىلان بېلىتى ۋە پاراخوت بېلىتى سېتىۋالغاندا دۆلەت قانداق ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويىدۇ؟***

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىشىغا، ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن 1989 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك كىنىشكىسىگە ئاساسەن پويىز بېلىتى، ئايروپىلان بېلىتى، پاراخوت بېلىتى ۋە ماشىنا بېلىتىنى ئالدىن سېتىۋالسا بولىدىغانلىقىنى تەستىقلىدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ بېلەت سېتىۋالغاندا قولايلىق يارىتىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تارقاتقان ۋاقىتتا، بېلەت سېتىش پونكىتلىرىغا بولغان بېسىمنى ئازايتىش ئۈچۈن، ۋەكىللەر ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغاندا، ئەسلىدە بېلەت سېتىۋېلىش يوللىرى بولسا، ئىمكانقەدەر شۇ يوللار ئارقىلىق بېلەت سېتىۋېلىش، ۋەكىللىك كىنىشكىسىگە ئاساسەن بېلەت سېتىۋالغاندا، جايلارنىڭ قاتناش ئەھۋالى ۋە شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ۋاقىت يار بەرسە يەنىلا بالدۇرراق ئالاقىلىشىش، بېلەت سېتىش پونكىتلىرى دەرھال قىلىپ بېرەلمىگەندە ۋەكىللەر ئۇلارنى ئېپۇ قىلىش، ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى ھەرگىز باشقىلارنىڭ بېلەت سېتىۋېلىشى ئۈچۈن ئارىيەت بەرمەسلىكنى تەۋسىيە قىلدى.

***8. ۋەكىللەر قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا توسالغۇغا ئۇچرىسا قانداق قىلىش كېرەك؟***

ۋەكىللەر قانۇنىدا، بارلىق تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىنى قوللىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ۋەكىللەر قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا توسالغۇغا ئۇچرىسا، ۋەكىللەر قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە خادىملارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ماسلىشىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. ئەگەر ئايرىم ئورۇنلار ياكى خادىملار قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئېتىبارسىز قاراپ، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىنى رەت قىلسا، ھەتتا زورلاش، تەھدىت سېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلسا، ۋەكىللەر يازما ياكى ئاغزاكى شەكىللەر بىلەن شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلسا ھەمدە ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان قىلمىشنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ۋەكىللەر ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئىگىلىشى، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە تەنقىد، تەربىيە بېرىشىگە، مەمۇرىي چارە كۆرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئەھۋالى ئېغىر بولغانلىرىنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

***9. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا، زەربە بېرىش، ئۆچ ئېلىشقا ئۇچرىسا قانداق قىلىش كېرەك؟***

قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان ۋەكىللەرگە زەربە بەرگەن ۋە ئۇلاردىن ئۆچ ئالغانلارنى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ياكى ئۇلارغا مەمۇرىي جازا بېرىدۇ؛ دۆلەت خادىملىرى زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرسە، ئۇلار جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاتا قىلغان دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋە-

كىللەرنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدىكى خىزمەتلىرى ۋە ۋەكىللەرنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يىپىق مەزگىلىدىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغانلىق بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ. چۈنكى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئەسلىدىكى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇندا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئۆزلىرىنى سايلىغان ئورۇننىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتكۈل خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەكىللەر ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، قىسمەن ئادەم، بەزى ئورۇن ياكى رايونلارنىڭ مەنپەئەتىگە چېقىلىپ قويۇشتىن، بەزى ئادەملەر ياكى تەشكىلاتلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىشىدىن، ھەتتا زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىشىدىن ساقلىنىشى تەس. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنىڭ دەخلى تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نوپۇزىنى قوغداش ئۈچۈن، دۆلەت قانۇنىدا ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ۋەكىللىك بۇرچىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى كېرەك. ئەگەر ۋەكىللەر ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا زەربە بېرىشكە، ئۆچ ئېلىشقا ئۇچرىسا، قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدىسا بولىدۇ.

***10. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتى دەخلى تەرۇزگە ئۇچرىسا قانداق قىلىش كېرەك؟***

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەشكىل قىلغۇچىلار بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن، ۋەكىللەر قانۇنى، سايلام قانۇنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا مەخسۇس ماددىلار بار. مەسىلەن، ئاساسىي قانۇننىڭ 74 ـ ماددىسىدا: «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رۇخسىتىسىز، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يىپىق مەزگىلدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رۇخسىتىسىز قولغا ئېلىنمايدۇ ياكى جىنايى ئىشلار بويىچە سوتقا تارتىلمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 75 ـ ماددىسىدا: «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر خىل يىغىنلىرىدا قىلغان سۆزى ۋە بەرگەن ئاۋازى قانۇندا سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. سايلام قانۇنىنىڭ 30 ـ ماددىسىدا: «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىگە جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش بويىچە قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا توغرا كەلسە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنى پىششىق بىلىشى ھەمدە قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشى، خەلق مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ياخشى ۋەكىللىك قىلىپ، ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

# خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق تەشكىلى ھەمدە ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش ئاپپاراتلىرى

## 1. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، ئۇنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

*1. ۋەكىللەر سايلانغان ئورۇنغا ئاساسەن ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن تەشكىل تاپىدۇ.* مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3000 غا يېقىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ۋەكىللەرنى سايلىغان ئورۇنغا ئاساسەن ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىل قىلىنغان. 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چۇڭچىڭ شەھىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 35 ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن تەشكىللەنگەن. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇن ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى سايلايدۇ، ئۆمەك باشلىقى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىدۇ ھەمدە يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىرى ئۆمەك باشلىقىنىڭ خىزمىتىگە ھەمكارلىشىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ۋەكىللەر سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن، ۋەكىللەرنى بىر قانچە كىچىك گۇرۇپپىغا بۆلسە بولىدۇ، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى ئومۇمىي يىغىنىدا گۇرۇپپا يىغىن چاقىرغۇچىلىرى سايلاپ چىقىلىدۇ، ئۇلار گۇرۇپپا يىغىنلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

*2. قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى قۇرۇلتاي يىغىنىغا رىياسەتچىلىك ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ.* ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بەش يىل بولۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىغىن ئېچىلغان ۋاقىتتا، ھەيئەت رىياسەت سايلاپ چىقىلىدۇ، ھەيئەت رىياسەت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرى تەييارلىق يىغىنىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئارىسىدىن سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ.

*3. ھەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلار خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا ھەمكارلىشىپ، ئالاقىدار تەكلىپلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ، قاراپ چىقىدۇ ۋە بېكىتىدۇ.* مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە ھەمكارلىشىش ئۈچۈن، خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا مىللەتلەر كومىتېتى، قانۇن كومىتېتى، ئىچكى ئىشلار ئەدلىيە كومىتېتى، مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى، مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە كومىتېتى، تاشقى ئىشلار كومىتېتى، مۇھاجىرلار كومىتېتى، مۇھىت ۋە بايلىق ئاسراش كومىتېتى قاتارلىق سەككىز مەخسۇس كومىتېت قۇرۇلدى. بۇ كومىتېتلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تەكلىپلەرنى مۇھاكىمە قىلىش، قاراپ چىقىش ۋە بېكىتىش، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنى يېپىق مەزگىلدە ھەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلاردا ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئالاقىدار كونكرېت خىزمەتلەرنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

*4. يىغىن كاتىبات باشقارمىسى ھەيئەت رىياسەت تاپشۇرغان ئىشلارنى بېجىرىدۇ ۋە يىغىننىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.* مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن ئۆتكۈزگەندە كاتىبات باشقارمىسى تەسىس قىلىدۇ. ئۇلار باش كاتىپ ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپتىن تەشكىل تاپىدۇ. كاتىبات باشقارمىسىدا كاتىبات، تەكلىپ، قىسقا خەۋەرلەر، ئاخبارات، مىللەتلەر تىل ـ تەرجىمە، قوغداش، خوجىلىق گۇرۇپپىلىرى

تەسىس قىلىنىپ، ھەيئەت رىياسەت تاپشۇرغان تۈرلۈك ئىشلارنى بېجىرىش ۋە يىغىننىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. يىغىن كاتىبات باشقارمىسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى تۇرۇشلۇق جايغا كاتىبات، قىسقا خەۋەر ۋە كۈتۈۋېلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ تۇرغۇزىدۇ. ئۇلار ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلاپ، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

**2. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋە ئاساسلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى**

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئورگىنى بولۇپ، بېيجىڭ خەلق سارىيى ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدۇر. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىر كومىتېت باشلىقى، بىر قانچە مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى، بىر باش كاتىپ، بىر قانچە كومىتېت ئەزاسىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، يۇقىرىقىلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار دەپ ئاتىلىدۇ. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ۋاقتى بەش يىل. كومىتېت باشلىقى، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرىنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى ئىككى نۆۋەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

*مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى* مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىدۇ، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى، باش كاتىپ كومىتېت باشلىقىنىڭ خىزمىتىگە ھەمكارلىشىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، كومىتېت باشلىقى، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى، باش كاتىپ كومىتېت باشلىقى يىغىنىنى تەشكىل قىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

*مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ* يىغىنى ئادەتتە ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ، يىغىن قارالمىسىدىكى مەزمۇنغا ئاساسەن، يىغىن ۋاقتى ئادەتتە ئون كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ.

*ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى* مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەسىس قىلغان مەخسۇس مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدىغان دائىمىي ئاپپارات. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تولۇقلاپ سايلانغان شۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ۋە يېڭىدىن سايلانغان كېيىنكى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت. ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ۋە ئەزالاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگوڭتىڭى ئالاقىلىشىش ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ.

ئۇنىدىن باشقا، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى زۆرۈر دەپ قارىسا، ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنى تەشكىللىسە بولىدۇ. لېكىن، ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي ئاپپارات ئەمەس، ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى زۆرۈر دەپ قارىغاندا قۇرۇلىدىغان ۋاقىتلىق ئاپپاراتتۇر. ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالىدۇ.

دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، دۆلەت مېخانىزمىنىڭ نورمال، ئۈنۈملۈك ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىخچام، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، مۇناسىپ ھالدا ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلدى.

*1. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى* مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى بولۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ دائىمىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. باش كاتىپ كاتىبات باشقارمىسىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەخسۇس كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرى بىلەن ئالاقە باغلاشقا، ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

*2. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى* مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇنىڭدا ئالاقىدار ئىدارە، ئىشخانىلار تەسىس قىلىنغان:

*كاتىبات ئىدارىسى:* ئاساسلىقى بەنگۇڭتىڭنىڭ كاتىبات خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇ يىغىنىنىڭ تەييارلىقى ۋە يىغىن ئىشلىرى خىزمىتى، ھۆججەتلەرنى بېسىش، باشقۇرۇش ۋە تاپشۇرۇۋېلىش تارقىتىش خىزمىتى، ئارخىپ باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

*تەتقىقات ئىشخانىسى:* ئاساسلىقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنىنى تەتقىقات ۋە سۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش، دائىمىي كومىتېت قاراپ چىقىدىغان قارالمىلارنى چۆرىدىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئالاقىدار ماتېرىياللار ۋە تەتقىقات دوكلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش، ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ لايىھەسىنى تەييارلاشقا قاتنىشىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولىدۇ.

*ئالاقىلىشىش ئىدارىسى:* ئاساسلىقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتىگە مەسئۇل. ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنى ئىگىلەيدۇ ۋە ئىنكاس قىلىدۇ، ئالاقىدار ئورۇنلارنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ خىزمىتىگە قارىتا بەرگەن پىكىر، تەۋسىيە ۋە تەنقىدلىرىنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشكە دائىر ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھال ئېيتىپ كەلگەن ۋەكىللىرىنى ۋە ئۇلاردىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە ۋەكىللىك بۇرچىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلەيدۇ ۋە ئىنكاس قىلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئالاقىدار خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى» نى تەھرىرلەپ بېسىپ تارقىتىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى نەزەرىيىلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ئالاقىدار خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

*تاشقى ئىشلار ئىدارىسى:* دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ كۈندىلىك تاشقى ئىشلار پائالىيىتىگە دائىر كونكرېت ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر چەت ئەلگە زىيارەتكە چىققاندا ۋە چەت ئەل پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى زىيارەتكە كەلگەندە مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ، تەرجىمان ۋە ماتېرىيال تەييارلايدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تاشقى دوستلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ ئالاقىدار خەلقئارا يىغىنلارغا قاتنىشىشىدىكى كونكرېت تەشكىللەش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ھەمدە تاشقى ئالاقىگە دائىر خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.

*ئاخبارات ئىدارىسى:* مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مۇھىم پائا-

لىيەتلىرىگە دائىر ئاخبارات ئېلان قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىگە، ھەر قايسى ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشكە، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقتا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر تەشۋىقات ماقالىلىرىنى يېزىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

*ئەرزىيەت ئىدارىسى:* ئاساسلىقى ئاممىدىن كەلگەن ئەرز خەتلىرىنى ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشقا، ئاممىنىڭ تەنقىد، تەۋسىيە ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشقا مەسئۇل.

*كادىرلار ئىدارىسى:* ئاساسلىقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئورگىنىنىڭ كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل.

*خەلق سارىيى باشقۇرۇش ئىدارىسى:* ئاساسلىقى خەلق سارىيىنى باشقۇرۇش ۋە قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل.

*ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى:* ئاساسلىقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋە ئورگاننىڭ يىغىنلىرىدا كۈتۈۋېلىش، خىراجەت باشقۇرۇش، ئارقا سەپ مۇلازىمىتى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭىدا يەنە ئۇچۇر مەركىزى، جۇڭگو دېموكراتىيە قانۇنچىلىق نەشرىياتى، كادىرلارنى تەربىيىلەش مەركىزى، ئورگان پارتكومى ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ئىدارىسى قاتارلىق خىزمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان.

*3. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى* مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن كومىتېتىغا ھەمكارلىشىپ قانۇن لايىھەلىرىنى تۈزۈش، تەتقىق قىلىش، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش؛ ئالاقىدار قانۇنلارنى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىش، لايىھە تۈزۈش، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش؛ گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى تۈزگەن قانۇن لايىھەسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا پىكىر بېرىش؛ قانۇن چىقىرىش جەريانىدىكى بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن لايىھەسىنى قاراپ چىقىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە قانۇنغا دائىر مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ. قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىدا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپ تەسىس قىلىنغان. ئەمەلىي ئەھۋالغا ۋە ئېھتىياجغا قاراپ تەتقىقات ئىشخانىسى، ھەق تەلەپ قانۇنى ئىشخانىسى، جىنايى ئىشلار قانۇنى ئىشخانىسى، دۆلەت قانۇنى ـ مەمۇرىي قانۇن ئىشخانىسى، ئىقتىسادىي قانۇن ئىشخانىسى ۋە ئىشخانا قاتارلىق ئالتە ئىشخانا تەسىس قىلىنغان.

*4. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى نېگىزلىك قانۇنى كومىتېتى* مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدىكى خىزمەت كومىتېتى بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە 12 كىشى بار، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ئىچكىرى ئۆلكىلىك ۋە شياڭگاڭلىق ئەربابلارنىڭ ھەر قايسىسى تەڭ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. شياڭگاڭلىق كومىتېت ئەزالىقىنى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇش هوقۇقى بولمىغان دائىملىق ئاھالىسى ئىچىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ نامزاتىنى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى، قانۇن كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى بىرلىشىپ كۆرسىتىدۇ.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە، قۇرۇلتاينىڭ رەھبەرلىكىدە ئالاقىدار تەكلىپلەرنى تەتقىق قىلىدۇ، قاراپ چىقىدۇ ۋە تۈزىدۇ، يىغىن يېپىق مەزگىلدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

3. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى ئالاقىلىشىش ئىدارىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە باغلاي-

دىغان خىزمەت ئاپپاراتىدۇر

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئالاقىلىشىش ئىدارىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن ئالاقە باغلايدىغان خىزمەت ئاپپاراتىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمەت ۋەزىپىسى مۇنداق يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە باغلايدۇ، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەيدۇ، ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنىڭ بېجىرىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلىدۇ، ۋەكىللەردىن كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ۋەكىللەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ، ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئىككىنچى، ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ، رەھبەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۈچىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىدار خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. تۆتىنچى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر ئەھۋاللارنى ۋە مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئالاقىدار خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بەشىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتىگە دائىر ئەھۋاللارنى، مەسىلىلەرنى ئىگىلەپ ۋە ئىنكاس قىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئالتىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى» نى تەھرىرلەش، بېسىش، تارقىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. يەتتىنچى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى تاپشۇرغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئالاقىلىشىش ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش باشقارمىسى، يەرلىك بىلەن ئالاقىلىشىش باشقارمىسى، «جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، كاتىبات باشقارمىسى قاتارلىق تۆت باشقارما تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئالاقىلىشىش ئىدارىسىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھال ئەھۋال ئېيتىپ كېلىشىگە قولايلىق يارىتىش، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەسىس قىلغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

**4. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالى ۋە ئاساسلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى**

*بىرىنچى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالى*

ئاساسىي قانۇندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى دېگەندە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايونلۇق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق)، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي ئورگىنىدۇر. ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايونلۇق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر، باش كا-

تىپ، كومىتېت ئەزالىرىدىن تەركىب تاپىدۇ؛ ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە كومىتېت ئەزالىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا باش كاتىپ تەسىس قىلىنمايدۇ. يۇقىرىقى خادىملار خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. قانۇندا، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا، سوت ئورگانلىرىدا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتىشىگە بولمايدۇ؛ ئەگەر يۇقىرىقى ئورگانلاردا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولسا دائىمىي كومىتېتقا دائىمىي كومىتېتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ بەش يىل بولىدۇ. يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ سانى: (1) ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردە 35 كىشىدىن 65 كىشىگىچە بولىدۇ، ئاھالىسى 80 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن ئۆلكىلەردە 85 كىشىدىن ئاشمايدۇ؛ (2) رايونلۇق شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاستلاردا 13 كىشىدىن 35 كىشىگىچە بولىدۇ، ئاھالىسى 8 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن رايونلۇق شەھەرلەردە 45 كىشىدىن ئاشمايدۇ؛ (3) ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، رايونسىز شەھەر، شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا 11 كىشىدىن 23 كىشىگىچە بولىدۇ، ئاھالىسى 1 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن ناھىيە (شەھەر، رايون) دە 29 كىشىدىن ئاشمايدۇ. ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ سانىنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئاھالىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ بېكىتىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەر، شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ سانىنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئاھالىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ بېكىتىدۇ. ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ سانى بېكىتىلگەندىن كېيىن، شۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى ئىچىدە ئۆزگەرمەيدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنى ھەر ئىككى ئايدا كەم دېگەندە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ، يىغىن ۋاقتى يىغىن قارارلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ، ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ يىغىن ۋاقتى ئادەتتە بەش كۈندىن يەتتە كۈنگىچە بولىدۇ، ئاپتونوم ئوبلاست، رايونلۇق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ يىغىن ۋاقتى ئادەتتە ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە بولىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ يىغىن ۋاقتى ئادەتتە ئىككى كۈندىن بەش كۈنگىچە بولىدۇ.

ئاپتونوم ئوبلاست، رايونلۇق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە باش كاتىپى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلار يىغىنىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، رايونسىز شەھەر، شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلار يىغىنىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇدىرلار يىغىنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك مۇھىم خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ناھىيە دەرىجە-

لىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدا ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىپ، شۇ دەرىجىلىك شۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تولۇقلاپ سايلانغان ۋەكىللىرىنى ۋە كېيىنكى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان ۋەكىللىرىنى سايلاشنىڭ قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولغان بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ئادەتتە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر خىزمىتى ئاپپاراتىدا تەسىس قىلىنىدۇ.

***ئىككىنچى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ۋە خىزمەت ئاپپاراتلىرى***

يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمە ۋە ئىخچام، بىر تۇتاش، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدا خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ۋە باشقا خىزمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان:

(1) ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىدا ئادەتتە ئۇنىۋېرسال ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ۋە باشقا خىزمەت ئاپپاراتىدىن 3 ـ 4 ى تەسىس قىلىنىدۇ.

①*بەنگۇڭتىڭ*. ئاساسلىقى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرىغا تەييارلىق كۆرۈش ۋە ھۆججەتلەرنى تەييارلاش، بېسىش، باشقۇرۇش ۋە تارقىتىشقا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ ئارقا سەپ مۇلازىمىتى قاتارلىقلارغا مەسئۇل.

②*تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى*. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىققان ئالاقىدار مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ ھەمدە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ لايىھىسىنى تەييارلاشقا قاتنىشىدۇ.

③*ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە سايلاش ـ تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش كومىتېتى*. ئاساسلىقى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا دائىر تۈرلۈك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت ئىشلارنى بېجىرىدۇ، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ.

④*شۇ جاينىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتلىرى تەسىس قىلىنىدۇ*، مەسىلەن، مالىيە ئىقتىساد خىزمىتى كومىتېتى، مائارىپ پەن مەدەنىيەت سەھىيە خىزمىتى كومىتېتى، قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى، يېزا خىزمىتى كومىتېتى، ۋەھاكازالار. ۋىلايەت (خوشۇن) تەسىس قىلىنغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋىلايەت (خوشۇن) دا ۋىلايەتلىك (خوشۇنلۇق) خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى تەسىس قىلىنىدۇ. ئۇ ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنىدۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ئاساسىي قانۇن — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى

● قەلبىنۇر ئابلەھەت ●

پارتىيىنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى پروگراممىسى ۋە نىشانى ئاساسىي قانۇننىڭ 5 ـ ماددىسىغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى، شۇ ئارقىلىق ئۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى ۋە ئاساسىي قانۇن ـ مىزانىغا ئايلاندى. بۇ، جۇڭگونىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تارىخىدىكى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى بىر چوڭ ئىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىر چوڭ ئىلگىرىلەش.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي تەلىپى — خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سوتسىيالىستىك قانۇن تۈزۈپ چىقىش، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە، ھەممە تەرەپلىرىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇشنى ئورۇنداشتىن ئىبارەت.

مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئاساسىي قانۇندىن ئايرىلالمايدۇ. ئاساسىي قانۇن پۈتكۈل قانۇن سىستېمىسى ئىچىدە ئەڭ ئالىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ بىر دۆلەتنىڭ قانۇن سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى بولۇش ئالاھىدىلىكى، ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەتنىڭ قانۇنلىرى ۋە نىزاملىرىنىڭ بىردەكلىكىگە ئاساس سېلىپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت قانۇنلىرى ۋە نىزاملىرىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈنمۇ ئاساس سېلىشنى بەلگىلىگەن. ئاساسىي قانۇن باشقا تارماق قانۇنلارنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. ئاساسىي قانۇندىن ئايرىلغاندا، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ قانۇن سىستېمىسىنىمۇ قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ؛ ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش دېگەندىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشتا، ئاساسىي قانۇننى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش زۆرۈر. خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە ئىش قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇشنى، قانۇن بولغانىكەن ئاساسلىنىشنى، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇشنى، قانۇنسىز قىلمىشلارنى قەتئىي سۈرۈشتە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرىنچىدىن، پۈتكۈل جەمئىيەت مىقياسىدا بارلىق تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ـ تۈزۈملەرگە ھەقىقىي رىئايە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بىر دۆلەتتە ھەقىقىي مەنىدىكى قانۇن تۈزۈشنى يولغا قويۇشتا، ئاساسىي قانۇننىڭ ئەڭ ئالىي قانۇن كۈچىگە ئىگە بولۇشتەك ھوقۇقىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك مەسىلە شۇكى، كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كاللىسىدا «قانۇن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن ئىدىيە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلغىنى يوق. ئەمەلىي تۇرمۇشتا، قانۇن تۇرۇقلۇق ئاساسلانماسلىق، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك ئەھۋاللىرى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەتتە پۈتۈن خەلق ئارىسىدا، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىدەك تونۇشنى تۇرغۇزۇش، بولۇپمۇ «ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇش» ھالىتىدىكى ھوقۇقنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرۇشىدەك ھادىسىلەرنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇنىڭغا قارىتا ئاساسىي قانۇندا مۇنداق ئېنىق بەلگىلەنگەن: «جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈزەش نەتىجىلىرى قانۇن شەكلىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، دۆلەتنىڭ تۈپ تۈزۈمى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى بەلگىلەندى، بۇ دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى، بۇ ئالىي قانۇنىي كۈچكە ئىگە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەرقايسى پارتىيىلەر ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى، كارخانا تەشكىلاتلىرى، كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇننى

37

ئۆز ھەربىكىتىنىڭ توپ مىزانى قىلىش ھەمدە ئاساسىي
قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش، ئاساسىي قا-
نۇننىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىۇر-
چىنى ئادا قىلىشى لازىم.»

ئىككىنچىدىن ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي
قانۇن ۋە قانۇنىكى بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قى-
لىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك
قىلىش لازىم، بولۇپمۇ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە
قىلىش، ئەدلىيە ھوقۇقىنى ئادىل يۈرگۈزۈش لازىم.
دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى خەلقنىڭ
چاكىرى، ئۇلار خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى
يۈرگۈزىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم پۈتۈن خەلقنىڭ
ئورتاق ئىرادىسى ئەكس ئېتىلگەن سوتسىيالىستىك قا-
نۇن بويىچە ئىش قىلىشى، ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىش-
لەتمەسلىكى كېرەك. ھوقۇقىنىڭ قالايمىقان ئىشلىتى-
لىشىدىن ساقلىنىش — قانۇن بويىچە دۆلەتنى باشقۇ-
رۇش پرىنسىپىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر، شۇنداقلا
دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك قانۇن تۈزۈشنىڭ مۇ-
قەررەر تەلىپىدۇر. بىر تەرەپتىن، ھەر دەرىجىلىك ھۆ-
كۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورگانلاردىن قانۇننى ئىجرا
قىلغاندا، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى، دۆلەت
ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى ھەم پۇقرالار-
نىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشقا دىققەت
قىلىشنى، خىزمەت ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتمەس-
لىكنى تەلەپ قىلىش كېرەك. مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن
بويىچە قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئاساسىي
قانۇن دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى قېلىپلاشتۇرۇشتا
مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا ئاساسىي قانۇن مەمۇرىي
ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە قىلىش-
نىڭ توپ ئاساسى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدلىيە ئورگان-
لىرىدىن قانۇننى تەتبىقلىغان ۋاقىتتا، ئەدلىيە ھوقۇ-
قىنى ئادىل يۈرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، پۇقرالار-
نىڭ بارلىق قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى باراۋەر قوغ-
داشنى، قانۇنسىز قىلمىشلارغا قارىتا بىر دەك سۈرۈشتە
قىلىشنى، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئاسا-
سىي قانۇن ۋە قانۇندىن ھالقىغان ئالاھىدە ئىمتىيازىنىڭ
بولۇشىغا يول قويماسلىقنى، ئالاھىدە ئىمتىيازغا قارشى
تۇرۇشنى، بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بو-
لۇشىنى تەكىتلەشنى تەلەپ قىلىش لازىم. بۇ ئوخشاشلا
قانۇن بويىچە دۆلەتنى باشقۇرۇش پرىنسىپىنىڭ كەم
بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەزمۇنى. چوڭ دائىرىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەدلىيە خىزمىتىنىڭ ئادىل بو-
لۇشىغا تايىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەلىي خىزمەت
جەريانىدا بىر قىسىم پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى-
نىڭ ئەدلىيە خىزمىتىگە قول تىقىشى ۋە توسقۇنلۇق
قىلىشىنى توسۇش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي
قانۇن بەلگىلىمىسى بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى مۇس-
تەقىل يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. «يەڭ
ئىچىدە سودىلىشىش» نى قەتئىي توسۇپ، شۇ ئارقىلىق
سوت خىزمىتىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇشىنى كۈچەي-
تىپ، ئاساسىي قانۇندا ۋە دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئو-
چۇق سوت قىلىش پرىنسىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇ-
رۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە
ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇ-
رۇش نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەشتىكى ھالقا — ئاسا-
سىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قى-
لىشتا. ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك
قىلىش بولسا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. نۆۋەتتە، ھازىر
يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئاساسىي قانۇندا گەرچە ئاساسىي قانۇن-
نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمىگە
قارىتا بۇندىن ئىلگىرى تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇنلارغا
قارىغاندا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ئاساستىكى بەلگىلىمە
چىقىرىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئاساسىي قانۇن بەلگە-
لىمىسى پرىنسىپچانلىق، يىغىنچاقلىق ئالاھىدىلىـ-
كىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا
قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش تېخى ھەقىقىي تۈردە ئەمە-
لىيلەشمەيۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپ كۈچ سەرپ
قىلىپ ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت
قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ
. ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا
قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش تۈزۈلمىسىنى ۋە قۇرۇل-
مىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كونكرېتلاشتۇ-
رۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، تەرتىپلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت
مەشغۇلاتچانلىقى ئىگە بولغان تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش لازىم.
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كو-
مىتېتىنىڭ ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازا-
رەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈش، شۇ ئارقىلىق ئاساسىي قانۇننىڭ تولۇق يولغا
قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە
باشقۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇ-
رۇپ چىقىش مۇساپىسىنى تېزلىتىش كېرەك.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ساقچى
مەكتىپىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۇگايلى
تېلېفون : 61208 ـ 4828065

# كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ھەرىكىتى ۋە چەكلەش مېخانىزمى توغرىسىدا

● ئىلياس جالالىدىن ●

نۆۋەتتە، نورغۇنلىغان دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ كەمچىل، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، ئىقتىسادىي نەزەرىيىچىلەر ۋە كارخانا تىجارەت باشقۇرغۇچىلىرى يەنىلا دۆلەت تۈزۈلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش لازىم، دەپ قارىماقتا. ئەلۋەتتە دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى كارخانىلار ھاياتىي كۈچىنىڭ كەمچىل، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى بىر سەۋەب. لېكىن ئۇ بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس. بۇنىڭغا قارىتا مېنىڭچە، تاشقى جەھەتتە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغاندىن باشقا، ئىچكى جەھەتتىمۇ ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ چەكلىنىش مېخانىزمىنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

***1 . كارخانا تىجارەتچىسى ھەرىكىتىنىڭ ئۆلچەمسىزلىكى ۋە سەۋەبى***

كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ھەرىكىتى تىجارەت باشقۇرۇشنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، كارخانا تىجارەت پائالىيىتىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە مەغلۇب بولۇشىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. نۆۋەتتە، نورغۇنلىغان كارخانىلاردىكى تىجارەتچىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئۆلچەملىك بولماسلىقى كارخانا تىجارەت باشقۇرۇش ئۈنۈمىنىڭ ۋە كارخانا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. تىجارەتچى ھەرىكىتىنىڭ ئۆلچەمسىز بولۇشى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ كەسپىي ئېڭى ئېنىق ئەمەس. كارخانا تىجارەتچىسى شۇغۇللىنىدىغان پائالىيەت بىر خىل ئالاھىدە ئەمگەك بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدە ئەمگەكتە ھەرقانداق ئادەم خالىغانچە ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدىغان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرلىككە كەلگەن گەۋدىسىنى پەيدا قىلىشتەك بىر تۈرلۈك ئالاھىدە ۋەزىپە بولىدۇ. ئەمما دۆلىتىمىزدىكى نورغۇنلىغان كارخانىلارنىڭ تىجارەتچىلىرى ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە تېخنىك خادىملار بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بۇ مەسئۇل خادىملارنىڭ كارخانا گەۋدىسىگە قارىتا تەشكىللەش ـ ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارى كەمچىل بولىدۇ. شۇنداقلا كۆپ قىسىم كارخانا تىجارەتچىلىرى پارتىيە تەشكىلىي تەرىپىدىن رەھبەرلىك ئورنىغا قويۇلغاچقا، كارخانا باشقۇرۇشتا ئىلاجىسىزلىق ھېس قىلىدۇ، مەيلى روھىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى كەسپىي ئىقتىدار تەرەپتىن بولسۇن تولۇق تەييارلىقتا بولمىغانلىقتىن، كەسپىي ئېڭى ئېنىق بولماي كەسپچانلىقى، ئىلگىرىلەشچانلىقى كەمچىل، ھەرىكىتى ئۆلچەمسىز بولىدۇ. ئىككىنچى، كارخانىلاردا رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى بىلەن چەكلەش مېخانىزمى ئاجىز. كارخانىلاردا بىر تەرەپتىن كارخانا تىجارەتچىسىگە قارىتا ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈرۈش كەمچىل بولغانلىقتىن، كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ كىرىمى بىلەن ئەمگىكى تەڭ نىسبەتتە بولماي، كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يېتىۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كارخانا تىجارەتچىسىنى چەكلەش ئاجىز بولغانلىقتىن، كۆپلىگەن تىجارەتچىلەر كارخانا دېگەن دۆلەتنىڭ، ئۇنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىماقتا. شۇڭا ئۇلاردا قانداق قىلغاندا دۆلەت مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغىلى ۋە ئۇلارنى قوغدىغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا ئويلىنىش بولمىغاچقا، دۆلەت مال ـ

مۇلۇكلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئېقىپ كېتىش ھادىسىلىرى پەيدا بولۇۋاتىدۇ. يەنە ئايرىم ساندىكى تىجارەتچىلەر بازار ئېچىش، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىنى كېڭەيتىش دېگەندەك تەرەپلەرگە قارىماي، كارخانا رەھبەرلىكىنى ئۆز نەپسىنى قاندۇرىدىغان يول قىلىۋالدى. نۇرغۇنلىغان كارخانىلاردا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پارا ئالىدىغان، پارا بېرىدىغان، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك جىنايى ھەرىكەتلىرى پەيدا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. كارخانا تىجارەتچىسى ھەرىكىتىنىڭ ئۆلچەملىك بولماسلىقى ھەم كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە پايدىسىز، ھەم كارخانا تىجارەت پائالىيىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا پايدىسىز، شۇنداقلا ئۇ دۆلەتكە ئاسانلا چوڭ زىيانلارنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتا چەكلەش ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.

*2. كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ چەكلىنىش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش*

(1) كارخانا تىجارەتچىسىگە قارىتا نازارەتچىلىك قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش. كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، توغرا ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم كارخانا تىجارەتچىسىگە نىسبەتەن ھەرقايسى تەرەپلەردىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. بىرىنچى، ھۆكۈمەتنىڭ نازارەتچىلىكى. يەنى ھۆكۈمەت كارخانا ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ئارقىلىق كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلىشى، كارخانا تىجارەتچىسىدە دۆلەت مەنپەئەتى، كارخانا مەنپەئەتى بىلەن كارى بولماسلىق ھەرىكەتلىرى بولۇپ، كارخانا ئىچكى قىسمىدا ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك قىلالمىغاندا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشىشى كېرەك. ئىككىنچى، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ نازارەتچىلىكى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئارقىلىق كارخانا تىجارەتچىسىگە نازارەتچىلىك قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. بىر تەرەپتىن، كارخانا تىجارەتچىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، ئۇلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى توغرىسىدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ دېموكراتىكلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرمۇ مەلۇم نىسبەتتىكى ۋەكىللەرنى سايلاپ كارخانا مۇدىرىيەت يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، كارخانىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى، شۇ ئارقىلىق كارخانا تىجارەتچىسىگە قارىتا نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى لازىم. ئۈچىنچى، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ نازارەتچىلىكى. پارتىيە تەشكىلى كارخانىنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىگە قاتناشقاندىن سىرت، يەنە نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىنىمۇ يۈرگۈزۈشى، كارخانا دىرېكتورلىرىنىڭ تاللىنىشىغا، كارخانا كۈندىلىك تىجارىتىنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا بىۋاسىتە ئارىلىشىشى ھەم كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ دۆلەتنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. تۆتىنچى، جەمئىيەتنىڭ نازارەتچىلىكى. جەمئىيەتنىڭ نازارەتچىلىكى بىر تەرەپتىن، ئىستېمالچىلارنىڭ نازارەتچىلىك قىلىشى ئارقىلىق كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش ھەرىكىتى پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جامائەت پىكرى ئارقىلىق نازارەتچىلىك قىلىپ، ھەرخىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ناتوغرا ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارىلاپ، شۇ بويىچە كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدىكى ناچار ھەرىكەتلىرىنى تۈزىتىش كېرەك. بەشىنچى، قانۇن نازارەتچىلىكى. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ كارخانا قانۇنىدا، كارخانا دىرېكتورىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى ۋە قانۇنىي مەسئۇلىيىتى قاتارلىق تەرەپلەردە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر مۇكەممەل

ئەمەس، شۇڭا، دۆلەت ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى يەنىمۇ تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇننىڭ كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە چەكلەش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

(2) كارخانا تۈزۈمى ئارقىلىق چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش. بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، كارخانىلار ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئاساس قىلىپ ئەمەلىي ئۈنۈمى بار، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئاساس بولالايدىغان، ئىشلىتىش قولايلىق بولىدىغان ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى (كادىر باشقۇرۇش تۈزۈمى، مالىيە ئىشلىرى تۈزۈمى، ئىچكى نازارەت تۈزۈمى، مۇكاپاتلاش ـ جازالاش تۈزۈمى، ھەرىكەت مىزانى) شۇنداقلا تۈرلۈك ئىش بېجىرىشنىڭ تەپسىلىي قائىدىلىرىنى تۈزۈشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۈزۈم ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈشى، تۈزۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ئىجرا قىلىش جەريانلىرىدا يوچۇقلار كۆرۈلسە چوقۇم دەل ۋاقتىدا ئېتىش، چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تۈزۈمنىڭ قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

(3) بازار ئارقىلىق چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، رىقابەتلىك بازار قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، بىر قەدەر ساغلام بولغان تىجارەتچىلەر بازىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ساغلام، مۇكەممەل تىجارەت بازىرىدا بىر ئادەم پەقەت بازارنىڭ باھالىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئارقىلىقلا ئاندىن كارخانا تىجارەتچىسى بولالايدۇ، شۇنداقلا كارخانا تىجارەتچىسىمۇ تىجارىتىنىڭ روناق تاپقان ـ تاپمىغانلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىناۋىتى، ئورنى، ئىستىقبالىغا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭا، بازاردا داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان باھالاش ۋە سېلىشتۇرۇش كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتا چەكلەشنى پەيدا قىلىدۇ. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدە كارخانا تىجارىتىنى كەسىپ قىلغان تىجارەتچىلەر بازىرى تېخى شەكىللەنگىنى يوق. نورغۇنلىغان كارخانىلار تىجارەتچىلىرىنىڭ كەسپىي ئېڭى يېتەرسىز، تونۇش تەرەپتىكى مۇجمەللىكلەر ۋە ھەرىكىتىنىڭ ئىختىيارىيچە بولۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىمكانقەدەر تىجارەتچىلەر بازىرىنى تېز قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىجارەتچىلەردە ھەر ۋاقىت بېسىم ۋە كرىزىس تۇيغۇسى بولۇشنى، كۈچلۈك كەسپىي ئاڭ بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تىزگىنلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، مەھسۇلات بازىرى بىلەن كاپىتال بازىرىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ مەھسۇلات بازىرى بىلەن كاپىتال بازىرىنىڭ كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ تىجارەت نەتىجىسىگە قارىتا باھا بېرىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش، بازارنىڭ كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتا ھەقىقىي نازارەتچىلىك قىلىشىنى ۋە چەكلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

قىسقىسى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت جەريانىدا تۈرلۈك ئۈنۈملۈك تىجارەت تەدبىرلىرىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە، كارخانا تىجارەتچىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلا بولسا، چوقۇم ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىدىن)



مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت
تېلېفون: 61203 ـ 4828065

# قانۇن ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشقا ماھىر بولۇش كېرەك

●ئابدۇۋەلى مامۇت●

يېقىندا مەن كوچا ئاپتوبۇسىدا كېتىۋاتقىنىمدا، ئاپتوبۇستىكى ئىككى ياشنىڭ سۆھبىتى دىققىتىمنى تارتتى. بۇ ئىككى ياشنىڭ بىرى مەلۇم بىر سودا سارىيىدىن 21 ديۇملۇق تېلېۋىزوردىن بىرنى سېتىۋالغان بولۇپ، ئىككى ئاي ئۆتمەيلا تېلېۋىزوردىن كاشىلا چىققان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ياش تېلېۋىزورنى سودا سارىيىغا ئېلىپ كەلگەن، بىراق سودا سارىيىنىڭ ئالماشتۇرۇپ بېرىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەچكە، تېلېۋىزورنى رېمونت قىلىپ بېرىدىغان بولغان ھەمدە تېزلا رېمونت قىلىپ بەرگەن. بىراق، بىر ھەپتىدىن كېيىن تېلېۋىزوردىن يەنىلا كاشىلا چىققان. 2 ـ 3 قېتىم رېمونت قىلىپمۇ كاشىلا تۈگىمىگەچكە، بۇ سودا سارىيى بۇ ياشقا ئوخشاش ماركىلىق تېلېۋىزوردىن قالمىدى، قايتۇرۇۋېتىمەن دېسەڭ قايتۇرۇپ بېرىمىز، باشقا ماركىلىقنى ئالىمەن دېسەڭ، ئارتۇق پۇلۇڭنى قايتۇرىمىز، كەم بولسا تولۇقلايسەن، دەپ تەكلىپ بەرگەن. بۇ ياش بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، تېلېۋىزورنى قايتۇرۇپ، باشقا بىرنى سېتىۋالغان. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان يەنە بىر ياش: «شۇنداق ئىشمۇ بارمۇ؟ ئەجەپ يامان ئىكەنسەن، بىرتەچچە ئاي ئىشلىتىپ، يەنە قايتۇرۇۋەتسەڭ، بۇ ئوبدان ئىشكەنغۇ؟» دەپ ھەيران قالدى. ھېلىقى ياش «ياۋاش بولساڭ ئىشىڭ ئاقمايدۇ» دېدى. دېمەك، بۇ يەردە بۇ ياش، سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلگەن تېلېۋىزورنى قايتۇرۇشنى قانۇننىڭ كۈچى، سودا سارايلىرىنىڭ ئىستېمالچىلارغا بەرگەن ۋەدىسىنىڭ نەتىجىسىدىن ئەمەس، ئۆزىنىڭ «يامانلىقى» دىن بولغان دەپ قارىغان. بۇ ئىش ئادەمنى ئويغا سالماي قالمايدۇ. دۆلەت نورمال سودا تەرتىپىنى قوغداش، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن قانۇن ـ نىزاملارنى ئېلان قىلدى ۋە يولغا قويدى. تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا ئالاقىدار تەشۋىق ـ تەربىيىنى كۈچەيتتى. بۇ جەھەتتىكى خىزمەت سالمىقىنىمۇ ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېڭى ئۆستى. مۇشۇنداق شارائىتتا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن «يامانلار» دەك ئۆزىنىڭ يامانلىقىنى پەش قىلىدىغان، شۇنداقلا «ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز» بىر قىسىم كىشىلەر ھېلىمۇ تۇرمۇشىمىزدا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز: يەنى، بىرەر ساختا مال سېتىۋېلىش ياكى سېتىۋېلىنغان مالنىڭ سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلۈش؛ مەلۇم بىر يېمەكلىك ياكى ئىچىملىكنىڭ ئىشلىتىشكە بولىدىغان قەرەلىدىن ئېشىپ كەتكەندىن كېيىن بازارغا سېلىنىپ سېتىلىش؛ بەزى مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا تۆلەشكە تېگىشلىك بولمىغان بەزى ھەقلەرنى بىكاردىن تۆلەش ... قاتارلىقلار. بۇ خىل ئەھۋالغا يولۇققاندا بەزى كىشىلەر بۇنى قانۇن بويىچە ھەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ قانۇنىي مەنپەئەتىنى قوغدىسا، يەنە بەزىلەر بۇنداق ئىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى بىلمىگەنلىكى، قانۇن ـ نىزاملاردىن خەۋەرسىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن بىر تەرەپ قىلالمايدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىن ياكى شۇ ئىشقا ئالاقىدار باشقۇرغۇچى خادىملاردىن ئاغرىنىدۇ، ئۆزلىرى قانۇن بويىچە ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ھەقكە ئىگە بولالماي نۇرغۇن زىيان تارتىشىدۇ ياكى بىھۇدە ئاۋارىچىلىقلارنى تارتىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئالدىدىكىسى قانۇن ـ نىزاملار بىلەن ئۆز مەنپەئەتىنى قوغدىيالمىغان، كېيىنكىسى قانۇندىن ئىبارەت بۇ قورالدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولالمىغان. بۇ خىل ئەھۋال دېھقانلاردا بىر قەدەر ئېغىر.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن قانۇن ـ نىزاملار ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ، جۈملىدىن پۇقرالارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى، قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى قوغداشنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. مۇشۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا قارايدىغان بولساق ھەر ساھە، ھەر كەسىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەممىلا تەرىپىگە چېتىلىدىغان، بۇ جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن ـ

نىزاملار ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشقا باشلانغاچقا، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بار بولدى. بۇ يەردىكى مەسىلە كىشىلەرنىڭ شۇ قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىپ، شۇ قانۇن - نىزاملار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى شۇ قانۇنلار بىلەن قېلىپلاشتۇرۇش - قېلىپلاشتۇرالماسلىققا باغلىق بولۇپ قالدى.

ئالاقىدار قانۇن - نىزاملاردا ھەربىر پۇقرا ۋە ئالاقىدار ئورۇننىڭ مەجبۇرىيىتى، ھوقۇقى، ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى تولۇق بەلگىلەنگەن. شۇنداق ئىكەن، بىز تۇرمۇشىمىزدا يولۇققان ھەربىر ئىشنى، قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلا بولسا مەيلى چوڭ ئىش بولسۇن ياكى كىچىك ئىش بولسۇن قانۇن بويىچە ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم. تۇرمۇشتا چوڭ ئىشلارنى قانۇن بويىچە ھەل قىلىمىز، كىچىك ئىشلار بولسا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىشلار، دەپ بولدى قىلساق بولمايدۇ. ھەممىلا ئىش چوڭ ئىش بولۇۋەرمەيدۇ. بەزى كىچىك ئىشلاردىمۇ بىزنىڭ غۇرۇرىمىز، ئىززەت - ھۆرمىتىمىزگە تېگىدىغان ئىشلار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە بەزىلىرى ئاز بولسىمۇ بىزنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىمىزگە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. بۇنداق ئىشلاردا «ئاۋارىچىلىقتىن قورقۇپ» ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە، شۇ نەرسە قانچىكى كىچىك ئىش بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي قىممىتى ئاز بولسۇن شۇ ئىشنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشتىن ۋاز كېچىشنىڭ ئۆزى قانۇن - نىزاملاردا ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇقتىن ۋاز كەچكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللار ئادەمگە مەلۇم مەدەت ۋە ئىلھام بېرىشى مۇمكىن: 1996 - يىلى جېجياڭلىق چۇ جيەندۇڭ بېيجىڭغا ئىش بېجىرگىلى كەلگەن. ئىش بېجىرىش جەريانىدا بېيجىڭدىكى تېلېفوننى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىش ئورنى ئۇنىڭ 0.55 يۈەن پۇلىنى ئارتۇق ئېلىۋالغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ كىشى بۇ ئورۇننى سوتقا سۆرەپ چىققان. سوتقا قاتنىشىش ئۈچۈن چۇ جيەندۇڭ كۆپ قېتىم بېيجىڭغا كەلگەن. ئۇ دەۋا قىلىپ يۈرگەن مەزگىللەردە خەجلىگەن قاتناش ھەققى، ياتاق، تاماق ھەققى، خەۋەرلىشىش ھەققى قاتارلىقلارغا قىلىنغان چىقىمى 0.55 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. شەنشىلىك گاۋ خېفېڭ بېيجىڭغا كەلگەندە مەلۇم بىر كىتاب مەركىزىدىن «سوتقا چىقىشاي» دېگەن كىتابتىن بىرنى سېتىۋالغان. كىتابنىڭ بېتى كەم بولغاچقا ئۇ كىتابنى قايتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن كىتاب مەركىزىگە كېلىمەن دەپ قاتناشقا بىر يۈەن تۆلىگەن. بىراق كىتاب مەركىزى بۇ بىر يۈەننى تۆلەپ بېرىشنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن گاۋ خېفېڭ كىتابخانا ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلغان. گاۋ خېفېڭ بىر يۈەن پۇلنى تولۇقلىۋېلىش ئۈچۈن دەۋا ھەققىگە 800 يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىگەن ھەم ئون مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول ماڭغان. بۇ ئىش شۇ مەزگىللەردە نۇرغۇن ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان؛ بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قانۇن يولى بىلەن ھەل قىلغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرنەچچە موچەن ياكى بىرنەچچە يۈەنلىك ئۇششاق ئىش ئۈچۈن سوتقا ئەرز قىلىش ئەرزىمەيدۇ دەپ قاراش توغرا ئەمەس. ئۆز مەنپەئەتىمىزنىڭ زىيانغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قانۇن يولى بىلەن ھەل قىلماي، زارلانساق بۇنى كىمدىن كۆرۈشكە بولىدۇ؟ ھازىرقى مەسىلە بۇنداق مەسىلىلەرنى بايقاش بىلەن قانداق ھەل قىلىشتا. بۇنداق ئىشلارغا يولۇققاندا بەزىلەر ئەرزىمەس بىر ئىش دەپ قارىشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەر بۇنچىلىك ئىشلار بىلەن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەگەر مەيلى چوڭ جەھەتتە ياكى كىچىك جەھەتتە يۈز بەرگەن مەسىلە بولسىمۇ بۇنىڭغا نىسبەتەن «بولدى» دەيدىغان قاراشتا بولساق، مەنپەئەتىمىزگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ئىشلار دائىم يېنىمىزدا، تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندا قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغانلار ۋە بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىش قىلغانلارغا يول قويغان، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئېتىراپ قىلغان بولۇپ قالىمىز - دە، بۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك بولۇشىغا، قانۇن ئارقىلىق تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسىز.

بازار ئىگىلىكى — قانۇن ئىگىلىكى، بۇنى نۇرغۇن كىشىلەر چۈشىنىشكە ۋە قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا بىرەر ئىشنى قىلىشتا «يامانلىق قىلىش» ۋاسىتىسىگە تايىنىشقا بولمايدۇ. بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا قارشى تەرەپ بىلەن ئۇرۇش - تالاش قىلماي ياكى قورقۇپ گەپ ساتماي ئەڭ ياخشىسى قانۇنغا تايىنىپ، قانۇن ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىمىزنى قوغداشقا تىرىشىشىمىز لازىم. بۇ ئەڭ ياخشى تاللاش.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي
كومىتېتى يېزا ئىگىلىك كومىتېتى
ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت
تېلېفون: 61203 - 4828065

# يىغىن ئىستىلىمۇ ياخشى بولۇشى لازىم

●ئوبۇلقاسىم مۇھەممەت●

يىغىن —كۈندىلىك خىزمەتلەردە كەم بولسا بولمايدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى. شۇڭا يىغىن ئارقىلىق ھۆججەت يەتكۈزۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كادىرلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرىمىز. لېكىن يىغىن ئاچقاندا يىغىننىڭ خەلققە بېرىدىغان تەسىرى چوقۇم ياخشى بولۇشى، يىغىن ئارقىلىق خەلقنى يېتەكلىشى لازىم. ئەمما ھازىر بەزى جايلاردا يىغىن ئاچقاندا يىغىننىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە يىغىن ئىستىلى باشقىلارغا يامان تەسىر بېرىۋاتىدۇ. ۋىلايەتلەر، ناھىيىلەر، ئاپتونوم رايون يىغىن ئاچقاندا يىغىن قاتناشچىلىرى چوقۇم بەلگىلەنگەن ئورۇندا يېتىشى، بەلگىلەنگەن ئورۇندا تاماق يېيىشى، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يىغىننىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشى لازىم. ئۇنداق بولماي يىغىن نامى بىلەن يېيىش، ئىچىش، ھەشەمەتچىلىك بولىدىغان بولسا يىغىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ. ھازىر بەزى جايلار يىغىن ئاچقاندا يىغىن قاتناشچىلىرى رېستورانمۇ رېستوران قاتراپ يەپ - ئىچىپ، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى يىغىن قاتناشچىلىرىنى «ئويۇن - تاماشىغا، بۇزۇپ - چېچىشقا بېرىلىدىكەن» دېيىشمەكتە. بۇ ئەھۋال چوقۇم بىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى لازىم. ئەلۋەتتە يىغىن ئېچىلىشى كېرەك، لېكىن يىغىن تەييارلىقىنى چوقۇم ياخشى ئىشلەپ، يىغىننىڭ ئالدى - كەينىدىكى مۇلازىمەتنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولماي يىغىن نامى بىلەن رېستوران يىغىنى بولىدىغان بولسا بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەس. نۆۋەتتە، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، نازارەتچىلىك مېخانىزمى پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىشكە باشلىدى. شۇڭا، يىغىن جەريانىدىمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولماي يەپ - ئىچىش، بۇزۇپ - چېچىش بولىدىغان بولسا بۇ بىزنىڭ ئىستىلىمىزنى توغرىلاش ئەمەس بۇزۇش بولىدۇ. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار يىغىن ئاچقاندا چوقۇم يىغىن ئىستىلىنى توغرىلاپ، قائىدە - تۈزۈملەرنى بېكىتىپ ئىجرا قىلىشى، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە ئۆزگەرتىپ ئىستىلىنى توغرىلاشقا تۈرتكە بولۇشى، يىغىن ئارقىلىق يېڭى ئىستىل تۇرغۇزۇشى لازىم. بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىز يىغىن ۋاقتىنى ناھايىتى ياخشى پۇرسەت دەپ قاراپ، رېستورانلاردا يۈرۈپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، يىغىندىن دېگەندەك تەسىرات ئالمايدۇ. ئۇلارنىڭ سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشى خالىغانچە بولۇپ، پارتىيە بىلەن خەلق مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ؛ ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىدۇ؛ پارتىيە، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىپ ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ ... بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئەگەر يىغىن مەزگىلىدە يىغىننى مەركەزلەشتۈرۈپ يىغىن ئاڭلاش، مۇزاكىرە قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش بولمىغاندا يىغىننىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمەيدۇ. جايلاردا يېڭى قىياپەت، يېڭى مەنزىرە، يېڭى ئۆزگىرىش بولمايدۇ. يىغىن جەريانىدا كەچلىرى ياخشى ئارام ئېلىپ، يىغىن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ئوبدان مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە كۈچ چىقارغاندا يىغىن ۋەزىپىسى تولۇق ئورۇندىلىدۇ. شۇڭا مەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ يىغىن ئىستىلىنى توغرىلاپ، يىغىن جەريانىدىكى يەپ - ئىچىش، بۇزۇپ - چېچىش، مېھماندارچىلىقتا ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى داۋامىدا توغرا كەيپىيات تۇرغۇزۇپ، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلىشقا تىلەكداشمەن

( ئاپتور پەيزاۋات ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر ماموت
تېلېفون : 4828065 _ 61203

# دېھقانلارنى باشقۇرۇش نېمە ئۈچۈن قىيىن ؟

●تۇرسۇن قۇربان●

بەزى كەنت كادىرلىرى: «دېھقانلارنى باشقۇرۇش
تەسلىشىپ كەتكەچكە ، كەنت باشلىقى بولۇشمۇ قى-
يىنلىشىپ كەتتى» دەپ ئىنكاس قىلىشىدۇ . بۇنىڭ
سەۋەبىنى سورىغاندا ئۇلار : «دېھقان ـ چارۋىچىلار ئىل-
گىرىكىدەك يۇۋاش ئەمەس ، ئۇلار بارغانسېرى ئەركىن-
لىشىپ كېتىۋاتىدۇ ، يەنە ھە دېسىلا ئۈستىمىزدىن يۇ-
قىرىغا ئەرز قىلىدىغان بولۇپ كەتتى... » دېيىشىدۇ .

دېھقانلار نېمە ئۈچۈن ئىلگىرىكىدەك «ياۋاش» ئە-
مەس ؟ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىگىلىنى-
شىچە ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزىلاردا تەشۋىقات ،
ئىدىيە خىزمىتىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ ، بو-
لۇپمۇ رادىئو ، تېلېۋىزور ، تېلېفون ، گېزىت ـ ژۇرنال-
لارنىڭ تەدرىجىي دېھقان ئائىلىلىرىگە كىرىپ ئومۇم-
لىشىشى بىلەن دېھقان ـ چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ
«قۇلىقىمۇ ئۇزۇنلىشىپ» سەزگۈرلۈكى ھەسسىلەپ
ئاشتى . پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن ، سىياسەتلىرى ،
دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا بولغان چۈشەنچىسى
چوڭقۇرلىشىپ ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى ۋە بىلىم
سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى . بۇنىڭ بىلەن كادىرلار-
نىڭ بەزى خىزمەتلەردە سادىر قىلغان خاتالىق ، سەۋەن-
لىكلىرىنى ۋاقتىدا بايقىيالايدىغان ، بەزى ناھەق ، ئام-
مىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئادالەتسىز
ئىشلارنى ئۇچراتقاندا يۇقىرىغا بېرىپ ئىنكاس قىلالاي-
دىغان بولدى . بۇنداق ئەھۋالدا بەزى «كەنت ئەمەلدارلى-
رى» نىڭ سەۋەبنى ئۆزىدىن سۈرۈشتۈرمەي ، ئەكسىچە ،
«دېھقانلار ئەركىنلىشىپ كەتكەچكە باشقۇرۇش تەسلى-
شىپ ، كەنت باشلىقى بولۇشمۇ قىيىنلىشىپ كەتتى»
دەپ يۈرۈشى توغرا بولمىغان يەكۈندۇر .

قانداق قىلغاندا دېھقانلارنى باشقۇرۇش ئاسانلىشىدۇ ؟
ئاممىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر قىسىم ساپ دىل ،
پېشقەدەم دېھقان ـ چارۋىچىلار بۇنىڭغا نىسبەتەن ئىنتا-
يىن ياخشى يەكۈن چىقىرىشتى: «خەلقىمىزدە ، ئۆزۈڭنى
ئەر بىلسەڭ ، باشقىلارنى شىر بىل دېگەن سۆز بار .
كەنت باشلىقى بولغۇچىلار بىز دېھقان ـ چارۋىچىلارغا
كۆپلەپ مۇلازىمەت ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ
بېرىشى ، شەخسىيەتچىل ئىدىيىدە بولماسلىقى ، ئۆز ـ
ئۆزىنىلا ماختىماي ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىلىرى ئار-
قىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە
ئېرىشىشى لازىم» .

يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىمۇ شۇنى
ئىسپاتلىدىكى ، ئەمەلدار بولغۇچىلار پاك ـ دىيانەتلىك
بولۇپ خەلق ئاممىسىغا ئەمەلىي ئىش ، ياخشى ئىشلارنى
كۆپلەپ ئىشلەپ بەرگەندىلا ئاندىن ئاممىنىڭ قوللىشىغا
ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكىلى ، ئامما ئارىسىدا ياخشى ئى-
ناۋەت تىكلىگىلى ھەم شۇ ئاساستا دېھقان ـ چارۋىچى-
لارغا گېپىنى ئۆتكۈزۈپ ، ئۇلارنى ياخشى باشقۇرغىلى
بولىدۇ . ئۇنىڭ ئەكسىچە ئەمەلدار بولغۇچىلار ئۆزىنىلا
ئويلاپ ، ئاممىنى ئويلىمىسا ، قانداق قىلىپ كۆپلەپ
مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش كويىدىلا بولسا ، نۆۋەتتىكى
يېڭى ۋەزىيەتتە ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەيلا
قالماستىن ، يەنە ئامما ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقى
تۈپەيلىدىن يۇقىرىغا ئەرز قىلىنىدۇ ـ دە ، «دېھقانلارنى
باشقۇرۇش قىيىنلىشىپ كەتتى» دېگەن ئاغرىنىشتىن
ساقلىنىش قىيىن بولىدۇ .

(ئاپتور كەلپىن ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا
جەمئىيىتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 ـ 4828065



# يېزىلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش — يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى

## — ئۇچتۇرپان ناھىيە ئۇتبېشى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات

● نۇردۇن يۇنۇس ، ئابدۇراخمان روزى ●

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئۇتبېشى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش» ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە بېرىلگەن تولۇق ھوقۇقلارنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، ناھىيىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ 5 يىللىق پىلانى ئاساسىدا، ئۇتبېشى يېزىسىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئىزدەنگەن.

**بىرىنچى، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىش، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق يېزىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزغان.**

(1) ئۇتبېشى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى ئاۋۋال يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستىنىڭ خاراكتېرى ۋە قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشتىكى رولى مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى «قاتتىق كۆرسەتكۈچ» سۈپىتىدە تۇتۇپ، «ۋەكىللەر قانۇنى»، «يەرلىك تەشكىلىي قانۇن»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت نىزامى» نى ماددىمۇماددا ئۆگىنىپ، «ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدە ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار، بېكىتمىلىرىگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىجراسىغا كاپالەتلىك قىلىش» تىن ئىبارەت مۇقەددەس مەسئۇلىيەت ۋە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىشتە «باشلامچى»، قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىشتا «مەسلىھەتچى»، ئىجرا جەريانىدا «نازارەتچى» بولۇش ئارقىلىق ئۇتبېشى يېزىسىنى تەدرىجىي ھالدا قانۇن بويىچە باشقۇرۇلىدىغان يېزا قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى تۇرغۇزغان.

(2) ئاممىنىڭ قانۇن ئېڭىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش زۆرۈر دەپ قارىغان. شۇڭا يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى ئۇتبېشى يېزىسىدا 2 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىرگە، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى ئەستايىدىل قاراپ چىقىپ، يېزا دەرىجىلىك كادىرلارنى نۇقتا، ئادەتتىكى كادىرلار ۋە كەنت كادىرلىرىنى ئاساس قىلىپ، يېزا تەۋەسىدىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ قانۇن - نىزاملارنى پىششىق ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

**ئىككىنچى، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنى باھالاش ئارقىلىق قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىش مۇھىتىنى ھازىرلىغان.**

(1) ئۇتبېشى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ھاۋالە قىلغان بىر تۈركۈم قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگەندىن سىرت، يېزا دائىرىسىدە قايسى قانۇن، قايسى نىزامغا خىلاپ مەسىلىلەر كۆرۈلسە، شۇ قانۇن - نىزامنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

1997 - يىلى يىل بېشىدا، ئۇتبېشى يېزىسىنىڭ باشئاقما، ئالىساي كەنتلىرىدە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ دەسلەپكى ئىپادىلىرى كۆرۈلگەندە، يېزىلىق

خ ق ھەيئەت رىياسەتى يېزا تەۋەسىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، «گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، قانۇن ـ نىزاملارنىڭ نوپۇزى ئارقىلىق قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. 1998 ـ يىلى يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە «سۇ قانۇنى»، «ئوتلاق قانۇنى»، «نىكاھ قانۇنى» قاتارلىق 17 قانۇن ـ نىزامنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى ھەيئەت رىياسەتى يىغىنىدا قاراپ چىقىپ، قانۇن ـ نىزامغا خىلاپ مەسىلىلەرنى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈزىتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلغان. بۇ ئارقىلىق تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملارنىڭ يېزا تەۋەسىدە ئىزچىللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ياخشى ئاساس سالغان.

(2) قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇن ۋە خادىملار قانۇننى ئىجرا قىلىشقا بىۋاسىتە مەسئۇل بولغان. 1996 ـ يىلدىن باشلاپ يېزا تەۋەسىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئورۇنلاردىن يېزىلىق خەلق سوتى، ساقچىخانا، قانۇن مۇلازىمەت ئورنى، سۇ پونكىتى، ئورمان پونكىتى، توك باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى بىرقانچە قېتىم باسقۇچلۇق باھالىغان. بۇ يېزىنىڭ سۆگەتلىك كەنتى يېرى ئاز، نوپۇسى كۆپ نامرات كەنت بولۇپ، بىر قىسىم كەنت كادىرلىرى كەنت ئاھالىلىرى يىغىنىنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزمەي كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى 70 مو يەرنى ھۆددىگە بەرمەكچى بولغان ھەم يېزىلىق قانۇن مۇلازىمەت ئورنىغا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. يېزىلىق قانۇن مۇلازىمەت ئورنى توختام تۈزگۈچىلەرنىڭ گېپى بويىچە گۇۋاھلىق رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەرگەن. بۇ ئىش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغاپ، ئۇلار توپلىشىپ ئەرز قىلغان. باھالاش جەريانىدا خەلق ۋەكىللىرى «كەنت كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىنى بۇ مەسىلىگە تەتبىقلاپ، يېزىلىق قانۇن مۇلازىمەت ئورنىدىن بۇ مەسىلىنى جىددىي تۈزىتىش تەكلىپىنى بەرگەن. يېزىلىق قانۇن مۇلازىمەت ئورنى بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە بۇ مەسىلىنى تەلتۆكۈس تۈزەتكەن. يېزىلىق ساقچىخانا، سۇ پونكىتى، ئورمان پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ دەرىجىسى ئوخشىمىغان «ئادەمگەرچىلىك» دېلوسى بېجىرىش ئىللەتلىرىگە قارىتا كەسكىن تۈزىتىش تەكلىپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىشى قېلىپلاشتۇرۇلغان.

**ئۈچىنچى، سايلام قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇننى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە كەنت كومىتېتلىرىنى ئۇدا ياخشى تەشكىللىگەن.**

ئوتتېشى يېزىسىدا خ ق ھەيئەت رىياسەتى ھەر قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىن بۇرۇن ۋە سايلام تەشۋىقات باسقۇچىدا، ئاساسىي قانۇن، سايلام قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىۋاسىتە سايلامنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى ئاساس قىلىپ، سايلام تەشۋىقاتى سالمىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، يېزىدىكى بارلىق سايلىغۇچىلارنىڭ سايلام ئارقىلىق ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغىتىپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا ھەر مىللەت سايلىغۇچىلىرى ۋە ۋەكىللەرنىڭ قاتنىشىش نىسبىتىنى يىلمۇيىل ئاشۇرغان. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ۋەكىللىرىنى ئوڭۇشلۇق سايلاپ چىققان. 1997 ـ يىلى ئوتتېشى يېزىسىدىن ناھىيىلىك 11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلىنىدىغان ۋەكىل 14 نەپەر بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى سايلام رايونلىرىغا ۋەكىل سانى، قۇرۇلمىسى، نىسبىتى دېگەنلەرنى تەقسىم قىلماي پەقەتلا ھەرقايسى مىللەت، ساھە، كەسىپ، تەشكىلاتلار رىقابەت ئاساسىدا كۆپلەپ نامزات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە 14 ۋەكىل ئۈچۈن 315 نامزات كۆرسىتىلگەن. سايلىغۇچىلار قايتا ـ قايتا غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق ئاخىردا 28 نامزاتنى بېكىتىپ چىققان. بۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ سايلام جەريانىدىكى دېموكراتىيە ئىرادىسى تولۇق ئەكس ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ۋەكىللەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئىلغارلىق، كەڭ دائىرىلىك ۋە ۋەكىللىككە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىلغان.

كەنت كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى

ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ ، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ سايلىمىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن كەنت كادىرلىرىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەپ، ئۆزىگە ئۆزى مۇلازىمەت قىلىدىغان مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاپتونومىيە تەشكىلاتى بولۇپ قۇرۇلۇشىغا مەدەت ۋە ئىلھام بەرگەن.

**تۆتىنچى ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى يىلمۇيىل كۈچەيتىپ ، يېزىنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقان.**

1) 1998 ـ يىلى ئوتتېشى يېزىسىنىڭ 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ پارچە تەكلىپ، 52 پارچە تەۋسىيە ـ تەنقىد، پىكىرلەرنى، خ ق ھەيئەت رىياسەتى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېزىلىق 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىغىچە بېجىرىپ بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. 1999 ـ يىلى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپ ئاساسەن بېجىرىلىپ بولغان.

2) قانۇنىي تەرتىپ بويىچە خ ق ھەيئەت رىياسەتى يىغىنلىرىنى ۋاقتىدا ئېچىپ، يىغىن قارارلىرىنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە بېكىتىپ، قارار ۋە بېكىتمىلەرنىڭ تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلغان.

3) 1998 ـ يىلى ئوتتېشى يېزىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ رازىلىقىنى ئالغان ئەھۋالدا ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا مەجبۇرىي قاتناشتۇرۇلغان ئىش يۈز بەرگەن. خ ق ھەيئەت رىياسەتى بۇ مەسىلىنى «سۇغۇرتا قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارغا تەتبىقلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تەكلىپ ـ تەنقىد بېرىش ئارقىلىق ئىختىيارىيلىق پرىنسىپىنى ئاساس قىلمىغان بۇ خىل سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئابرۇيىنى تىكلىگەن.

**( ئاپتورلار ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر مامۇت
تېلېفون : 4828065 ـ 61203

# «يامان بولىدۇ» ۋە «سەت تۇرىدۇ» غا ئىزاھات

*«يامان بولىدۇ» ۋە «سەت تۇرىدۇ» نى سەپسەتىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ ، ئۇنى كىشىلىك تۇرمۇش ئەخلاقىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنى ۋە ئۆلچىمى قىلىۋالغانلارغا شۇنى ئالاھىدە ئەسلىتىپ قويۇش كېرەككى، مىللىي مەدەنىيەت خارابلىشىپ، مىللەتنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەپ كەتسە يامان بولىدۇ ؛ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارقىسىدا قالساق سەت تۇرىدۇ !*

× ×

# مارجان سۆزلەر

△ *خۇشامەت بىلەن ئېرىشكەن گۈلچەمبىرەك ــ ئۆزى خالاپ سېتىۋالغان كىشەن.*

△ *ئۆزۈڭ بىلمىگەن ھەقىقەتنى كەمسىتمە، بولمىسا شۇ سەۋەنلىكىڭ ئۈچۈن قاتمۇقات بەدەل تۆلەيسەن.*

△ *خەلقنى مەڭگۈلۈك خەلق قىلىپ تۇرغىنى ئۇنىڭ تىلى. ھەربىر تىل ئۆز خەلقىگە ئۇلۇغ.*

△ *كالتەكنىڭ بىر بېشى بىلەن ئۆزگىنى ئۇرغان چېغىڭدا، يەنە بىر بېشىنىڭ ئۆزۈڭگە تېگىدىغانلىقىنى ئۇنتۇما.*

△ *ئادالەتسىزنىڭ قولىغا چۈشكەن ھەقىقەت ئىڭرايدۇ.*

△ *سەپسەتىنى بىلىۋېلىش ھەقىقەتنى بىلىۋېلىشتىن كۆپ ئاسان، چۈنكى سەپسەتە مانا مەن دەپ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ۋەھالەنكى ھەقىقەت ھامان چوڭقۇر يوشۇرۇنغان بولىدۇ.*

*ــ پ. م. يىلتىز*

*مەسئۇل مۇھەررىر : تاھىر مامۇت*
*تېلېفون : 4828065 ـ 61203*

## كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى مەسئۇل يولداشلارغا قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى

كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىندا ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى مەسئۇل يولداشلارغا قانۇن ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى .

بۇ قېتىمقى كۇرسقا جەمئىي 42 كىشى قاتناشتى . كۇرستا «يەرلىك تەشكىلىي قانۇن» ، «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملاردىن دەرس ئۆتۈلدى ۋە مۇزاكىرىگە ئويۇشتۇرۇلدى . كۇرس ئاخىرىدا ، ئۆتۈلگەن قانۇن ـ نىزاملار ۋە ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆزلىرى ئىجرا قىلىۋاتقان مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردىن سوئال چىقىرىلىپ ، يېپىق ئىمتىھان ئېلىندى .

كۇرسانتلار مۇزاكىرە جەريانىدا «ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىلگىرىمۇ بۇنداق كۇرسنى ئاچقانىدى ، بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ ئالدىنقى يىللاردىكىگە قارىغاندا ئۈنۈمى ياخشى بولدى ، كۇرسنى پات ـ پات ئېچىپ تۇرسا» دېيىشتى .

ئۆگىنىش كۇرسى ئاياغلىشىش ئالدىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ناھىيە ھاكىمى مەتنىياز ئىمامنىياز سۆز قىلدى . ئۇ سۆزىدە ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئورۇنلار مەسئۇللىرىنى قانۇن جەھەتتىن ئۆگىنىش ، تەربىيىلەش كۇرسى ئاچقانلىقى بىر ياخشى ئىش بولۇپ ، بۇنىڭدىن كېيىن پات ـ پات مۇشۇنداق تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . شۇنداقلا ھەرقايسى ئورۇن مەسئۇللىرىدىن بۇنىڭدىن كېيىن قانۇننى ياخشى ئۆگىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇن بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىش ، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى .

غوپۇر راخمان

※ ※ ※ ※ ※

## شەنبەبازار بازارلىق 6 ـ نۆۋەتلىك خ ق ھەيئەت رىياسىتى «ۋەكىللەر قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ سەككىز يىللىقىنى خاتىرىلىدى

كېرىيە ناھىيىسىدىكى شەنبەبازار بازارلىق 6 ـ نۆۋەتلىك خ ق ھەيئەت رىياسىتى يېقىندا سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ، «ۋەكىللەر قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ سەككىز يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

يىغىندا «ۋەكىللەر قانۇنى» ماددىلار بويىچە ئۆگىنىش قىلىندى.

يىغىندا بىر قەدەر ئومۇملۇققا ئىگە بولغان شەنبەبازار بازىرى ئىچىدىكى يايمىچىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ياخشىلاش، بازارنى تەرتىپكە سېلىش جەھەتلەردە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بېجىرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن تەكلىپ، تەۋسىيىلەر قوبۇل قىلىندى.

يىغىن ۋەكىللەر ۋە باشقا يىغىن قاتناشچىلىرىدىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى:

1. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيىنى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە نىزاملارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، قانۇن ـ نىزاملارغا ئەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، خەلق قۇرۇلتىيى

ۋەكىلىدىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك نامنى ساقلىشى لازىم.

2. قانۇن ئىجرانى يەنىمۇ ئۈستۈرۈپ، ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە قارىتا قانۇن نازارەتچىلىكى، خىزمەت نازارەتچىلىكى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

3. زوراۋان تېررورچى جىنايەتچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش يولىدا سەگەكلىك بىلەن خىزمەت ئىشلىشى، ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردە ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

ياسىن ھاشىم

※ ※ ※ ※ ※

## ئالاغىر يېزىسى ئەرزىيەت خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىمەكتە

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئالاغىر يېزىسى ئەرزىيەت خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، بۇ يىلنىڭ بېشىدىن 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھەرخىل ئەرزلەردىن 58 پارچىنى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن 54 پارچىنى ئۇنۇملۈك، ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئوسمانجان بارات

## خەلق ۋەكىللىرى نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم بەردى

ئاتۇش شەھىرىنىڭ كاتتايلاق يېزىسىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ نامرات ئائىلىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، يېزا تەۋەسىدىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئەتىياز پەسىللىك تېرىقچىلىقنى ۋاقتىدا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن 2000 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە ئۇلارغا 310 كىلوگرام ئاشلىق، 2100 يۈەن نەق پۇل، 500 كىلوگرام سۇلياۋ يوپۇق، 200 كىلوگرام ئورۇقلۇق ياردەم قىلدى.

تۇرغۇن پەيزۇللا

※ ※ ※ ※ ※

## دائىمىي كومىتېت مۇدىرى ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى قوبۇل قىلدى

چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەخسۇس بىر كۈن چىقىرىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرزىيەت ئىدارىسىدە ھال ئېيتىپ كەلگەن بەش نەپەر ئاممىنى كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۇلار ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلىدى. ئۇلار ئىنكاس قىلغان يەر مەسىلىسى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەردىن ئىككىنى ئۆزى نەق مەيداندا بىۋاسىتە ھەل قىلدى. قالغىنىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە تەكشۈرۈپ، ھەل قىلىشىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئاممىنى تولۇق جاۋابقا ئىگە قىلىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

ئارزۇگۈل مەتسەيدى

## چارباغ يېزىسىدا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرماقتا

لوپ ناھىيىسىنىڭ چارباغ يېزىسى ئىجتىمائىي


ئەھۋالى مۇرەككەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر، تېررورچى ئۇنسۇرلار ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى ئالدىنقى بىر مەزگىلدە بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان ئورۇن. مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئاساسەن يېزىلىق پارتكوم ۋە يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە قارىتا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىگە قاراتقان مۇھىم يوليورۇقلىرىنى، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ۋەكىللەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھۆكۈمگە بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا جىددىي سىياسىي كۈرەش ئالدىدا مەركىزىي كومىتېت ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملار بىلەن ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدىكى بىردەكلىكنى ساقلاشنى تەلەپ قىلدى.

نەتىجىدە ناھىيىمىزدە يۈز بەرگەن «9 ـ ئاۋغۇست» دېلوسى ۋە يېزىمىزدا يۈز بەرگەن «30 ـ ئاۋغۇست» دېلوسىنى پاش قىلىش، ئېنىقلاش پائالىيىتىدە يېزىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى زوراۋان، تېررورچى ئۇنسۇرلار، چېكىدىن ئاشقان دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى بايرىقى روشەن، مەيدانى قەتئىي ھالدا پاش قىلدى ۋە ئەيىبلىدى. ۋەكىللەر خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جىنايەت گۇماندارلىرىنى تۇتۇش كۈرىشىگە ئاكتىپ قاتناشتى.

يېزىمىزدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت چوڭ ئومۇمىيلىقتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن، مەيدانى قەتئىي ھالدا قارشى تۇرغانلىقتىن، ئىككى قېتىملىق چوڭ دېلونى پاش قىلىش داۋامىدا يېزىدىكى 23 نەپەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، 65 نەپەر يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئىچىدە ياكى ئۇلارنىڭ بىۋاسىتە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارىسىدا دېلو بىلەن چېتىشلىقى بار كىشىلەر چىقماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ۋەكىللەرنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىدىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا ئۆتكەن يىلى يېزىدا ئېچىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش يىغىنىدا 33 نەپەر ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى، بۇ ئومۇمىي ۋەكىللەر سانىنىڭ 42.8 % نى تەشكىل قىلدى.

ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆتكەن بىر يىلدا يېزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش خىزمىتىدە باشلامچىلىق رول ئويناپلا قالماي، يېزىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ھەر ساھە خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقى شۇنداقلا يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى خىزمەتلىرىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، يېزىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكتىن، چارباغ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى يېقىندا لوپ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن ناھىيە بويىچە «1999 ـ يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئىلغار يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئابدۇقادىر كېرەم



## باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى بېجىرىشكە تاپشۇرۇپ بېرىش - تاپشۇرۇۋېلىش يىغىنى ئاچتى

باي ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىدا ۋەكىللەر باي ناھىيىسىنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىگە قارىتا 124 پارچە تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىر بەرگەنىدى.

بۇنىڭدىن تەكلىپ قاتارىغا كىرگۈزۈلگىنى ئىككى پارچە، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنغىنى 122 پارچە بولۇپ، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇ پىكىرلەرنى رەتلەپ، تۈرگە ئايرىپ، تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغاندىن كېيىن 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى بېجىرىشكە تاپشۇرۇپ بېرىش - تاپشۇرۇپ ئېلىش يىغىنى ئاچتى.


يىغىنغا ناھىيە ھاكىملىرى، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانا مەسئۇللىرى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقلىرى قاتناشتى.

ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلار ئىدارىسى، مائارىپ كومىتېتى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، سۇ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى نامىنى ئاتاپ تەقدىرلىدى. بېجىرىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىگەن ئايرىم ئورۇنلارنى بۇندىن كېيىن ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، ۋەكىللەرنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇش ۋە بېجىرىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

يىغىندا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھېكىم ئانايەت 123 پارچە تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بېجىرىشىگە، بىر پارچە تەۋسىيە، پىكىرنى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ھاكىم ئەمەت يۈسۈپ تەكلىپ، تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنى رازى قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا نەق مەيداندىلا ئىپادە بىلدۈردى.

ئىبراھىم مۇھەممەت

بۇ خەۋەرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
تاھىر مامۇت
تېلېفون: 61203 - 4828065



# ئىشق ـ مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆلۈۋالغان ئايال شەھەر باشلىقى

جۇ جىڭ

بىر نازاكەتلىك، ئىستىقباللىق ئايال مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى جېڭجۇدا ئەمەلدار ئاشىنىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، كېچىلەپ سۆيۈپىنىڭ ناھىيىسىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆيىدە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالدى ...

## باش دىرېكتورنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

1998 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خېنەن ئۆلكىسى بانكا سىستېمىسى بويىچە يىغىن چاقىردى، ئۆلكىلىك مەلۇم بانكىنىڭ خەلقئارالىق كەسىپ بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى ليۇ مىڭدېڭ يىغىنغا كەلمىدى. بانكا رەھبەرلىرى ئۇنىڭ يانفونىغا تېلېفون بېرىشىدى، يانفونى ئېتىك بولۇپ چىقتى، چاقىرغۇچىسىغا تېلېفون بېرىشىدى، تېلېفون قايتۇرمىدى، ئۇلار ئاخىر ئۇنىڭ ئايالىغا تېلېفون بەردى. ئەپسۇسكى ئايالىمۇ ئېرىنىڭ كېچىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتتى.

6 ـ چىسلا كەچ بولغاندىمۇ، ليۇ مىڭدېڭدىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمىگەندىن كېيىن، ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن ئايالى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، ئۇنى دەرھال تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى، لېكىن ئۇلار يېرىم كېچىگىچە ئىزدەپمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. ئاخىرىدا ليۇ مىڭدېڭنىڭ بىر دوستىنىڭ يول باشلىشى بىلەن جېڭجۇ شەھىرى نەنياڭ يولى كەييۈەن كىچىك رايونىغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار ليۇ مىڭدېڭنىڭ ئاۋدى ماركىلىق پىكاپىنىڭ قوروۇدا تۇرغانلىقىنى، پىكاپتا ئادەم يوقلۇقىنى كۆردى. ئاندىن كېيىن يەنە يول باشلىغۇچىغا ئەگىشىپ 5 ـ نومۇرلۇق بىنانىڭ 4 ـ قەۋىتىدىكى 7 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىشتى، ئۆينىڭ چىراغلىرى يورۇق تۇراتتى. ئۇلار ئىشىكنى چېكىشىدى، ھېچقانداق سادا كەلمىدى. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن بىرەر شۇملۇقنىڭ شەپىسىنى سەزدى ـ دە، دەرھال جېڭجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ 110 قوماندانلىق مەركىزىگە تېلېفون بېرىپ دېلو مەلۇم قىلدى.

بۇ چاغدا 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەھەر سائەت بىر بولغانىدى. سوغۇقتا توڭۇپ كەتكەن خىزمەتداشلار ئۆزلىرىنىڭ دىرېكتورىنىڭ بۇ يەردىمۇ ئۆيى بارلىقىنى بىلمەيتتى، ئايالى بولسا دىرېكتور ئېرىنىڭ نېمە ئۈچۈن پات ـ پات ئۆيگە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، نەنياڭ يېڭى كەنتى ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى بىلەن جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى ساقچىلارنى باشلاپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى.

يەنە 40 مىنۇت ئۆتۈپ، جىنشۈي جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى، سىياسىي يېتەكچىسى ۋە بىر قىسىم تېخنىك خادىملارمۇ نەق مەيداندا ھازىر بولدى. تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق، ليۇ مىڭدېڭنىڭ كۆكرىكى بىلەن بېشىغا ئوق تېگىپ ئۆلگەنلىكى، بۇنىڭغا خېلى بولغانلىقى مەلۇم بولدى. تېخنىك خادىملار نەق مەيداندىن تۆت پاي ئوقنىڭ مىشىكىنى تاپتى، ئۇلار بۇ ئىسپاتلارنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ليۇ مىڭدېڭ «7.7» تىپلىق ھەربىي تاپانچىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، دەپ ھۆكۈم چىقاردى.

ساقچىلار لىيۇ مىڭدىڭنىڭ ياتاق ئۆيىدىن بىر پارچە ۋەسىيەتنامە تېپىۋالدى، ۋەسىيەتنامىدە: «بوۋا، تاغا، ئاكا، ھەدە، مەن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن، ئەلۋىدا، مېنىڭ قىلغۇدەك باشقا گېپىم يوق، گۆيلىڭ» دەپ يېزىلغانىدى.

گۆيلىڭ دېگەن كىمدۇ؟ لىيۇ مىڭدىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ بۇ ئايال نېمە ئۈچۈن لىيۇ مىڭدىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جىنشۈي جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىدىكى ساقچىلار تەرەپ - تەرەپكە بۆلۈنۈپ رازۋېدكا قىلىۋاتقان پەيتتە، بۇ يەردىن 200 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جوماديەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن كەلگەن بىر خەۋەر يۇقىرىقى سوئاللارغا تولۇق جاۋاب تېپىپ بەردى.

## ئايال شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆلۈۋېلىشى

1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 7 لەردە، جوماديەن شەھىرى سۇيىپىڭ ناھىيىسىدە ئولتۇرۇشلۇق چېن گۆيخۇاغا مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان سىڭلىسى چېن گۆيلىڭدىن تېلېفون كەلدى. چېن گۆيلىڭ تېلېفوندا ھەدىسىگە:

— مەن ھازىر ئۆيدە، جىددىي بىر ئىش چىقىپ قالدى، سائەت 8 دىن 9 غىچە ئۆيگە بىر كېلىپ كەتسەڭ، — دېدى.

چېن گۆيخۇا «ھەقىچان يەنە شۇ كىر - قات يۇيىدىغان ئىشتۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆزىدە ئۆيىنىڭ ئاچقۇچى يوقلۇقىنى ئېيتتۇۋېدى، چېن گۆيلىڭ:

— ئىشىكنى قولۇپلىمىدىم، ئىتتىرسەڭلا ئېچىلىدۇ، — دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

چېن گۆيخۇا سىڭلىمنىڭ ئىشىغا دەخلى يېتىپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ، دەرھال ئېرىنى ئويغاتتى - دە، ئېرى بىلەن بىللە سائەت 8 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ سىڭلىسىنى چاقىرىۋېدى، سادا كەلمىدى. ئۇ ئېرى بىلەن بىللە بىرنەچچە ئېغىز ئۆينى بىرەر قۇر كۆزىتىپ چىقىپمۇ چېن گۆيلىڭنى تاپالمىدى، چېن گۆيخۇا سىڭ جىددىيلىشىپ، سىڭلىم تېخى ئورنىدىن تۇرمىدىمۇ - يا، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردى، كىردى - يۇ قاتتىق چىرقىراپ تاشلىدى، ئارقىدىنلا ئېرىمۇ كىردى - دە، تۇرغان جايىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك قېتىپلا قالدى. ئۆينىڭ چىرىغى يورۇق بولۇپ، كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقان چېن گۆيلىڭنىڭ بېشىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىۋاتاتتى، پۇت - قوللىرى جالاقلاپ تىترەيتتى.

چېن گۆيخۇانىڭ ئېرى ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپ پەرياد چېكىۋاتقان ئايالىغا نېمە دەپ تەسەللىي بېرىشنى بىلەلمەي، ساقچىغا دېلو مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، تېلېفوننىڭ يېنىغا كېلىۋېدى، تېلېفون سىمى ئۈزۈك بولۇپ چىقتى. ئۇ دەرھال قوشنا ئۆيدىكى لى بېيچىڭنىڭ ئۆيىگە ئېتىلىپ كىرىپ: «لى تاغا، چاتاق بولدى، گۆيلىڭ ھادىسىگە ئۇچراپتۇ» دەپ ۋارقىرىغاچ، ئالدىراپ - تېنەپ «120» بىلەن «110» غا جىددىي تېلېفون بەردى.

8 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، چېن گۆيلىڭ «120» جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدا سۇيىپىڭ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىنىپ جىددىي داۋالىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېلونى تاپشۇرۇۋالغان سۇيىپىڭ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدچىكلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، چېن گۆيلىڭ ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغان، ئوق مېڭىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن، دەپ جەزملەشتۈردى. ئۇنىڭ ئىشلەتكىنى «7 .7» تىپلىق تاپانچا ئىدى.

جوماديەن شەھەرلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى چېن گۆيلىڭنىڭ ئۆلۈۋالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ھەمدە دەرھال دوختۇرخانىغا كېلىپ ئۇنى كۆردى. شۇنداقلا جوماديەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى تېزدىن چېن گۆيلىڭ ئىشلەتكەن تاپانچىنىڭ كېلىش مەنبەسى بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بۇيرىدى.

ساقچىلار تاپانچىنىڭ نومۇرىغا ئاساسەن، بۇ تاپانچىنىڭ سۇيىپىڭ ناھىيىسى شەمىيۇ يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ۋاڭ چىڭ ئىشلىتىپ يۈرگەن

تاپانچا ئىكەنلىكىنى شۇ كۈنىلا ئىنىقلاپ چىقىپ، ۋاڭ چىڭنى قولغا ئالدى.

سۈيپىڭ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈم بۆلۈمى بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ۋاڭ چىڭنى سوراق قىلدى.

ۋاڭ چىڭنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋاڭ چېڭ بىرنەچچە خىزمەتدىشى بىلەن جېڭجۇغا ئىش بېجىرگىلى كەلگەن، بۇ ئارىلىقتا چېن گۇيلىڭ ۋاڭ چېڭ بىلەن چاقىرغۇ ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، خوايۈەن سودا سارىيىدا كۆرۈشۈشنى ئېيتقان. چېن گۇيلىڭ ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ چېن گۇيلىڭنىڭ گېپىنى يىرالماي، دېيىشكەن جايغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن. شۇ چاغدا ئۇ تاپانچىلىق بولۇپ، تاپانچىنىڭ ئىچىدە تۆت پاي، ئوقدانىدا يەنە بىرنەچچە پاي ئوق بار ئىكەن. ئۇلار يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، چېن گۇيلىڭ ئۆزىنىڭ سودا سارىيىغا كىرگۈسى يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ كىرىپ - چىقىشىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالغان. ۋاڭ چېڭ پىكاپتىن چۈشۈۋاتقان چاغدا، چېن گۇيلىڭ يېنىڭدا قانچە پۇل بار، دەپ ۋاڭ چىڭنىڭ يېنىنى ئاختۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ تاپانچىسىنى ئېلىۋالغان، ۋاڭ چېڭ ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيەلمىگەن.

جۇمادىيەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چېن گۇيلىڭنىڭ تاپانچىنى جېڭجۇدا قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال جېڭجۇ شەھىرىدىكى ساقچىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ليۇ مىڭدىڭ ئۆلتۈرۈلگەن تاپانچىنىڭ دەل چېن گۇيلىڭ ئىشلەتكەن تاپانچا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

ساقچى تەرەپ ئىككى دېلونى بىرلەشتۈرۈپ كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈش، ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، بۇنىڭ ئايال مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى چېن گۇيلىڭنىڭ تالاغا قاراپ، ئاشنىسى ليۇ مىڭدىڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئاخىرىدا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋېلىش دېلوسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

## ئايال ئەمەلدارنىڭ ئىشق - مۇھەببەتكە مەپتۇن بولۇپ تالاغا قارىشى

36 ياشلىق چېن گۇيلىڭ جۇمادىيەن شەھىرىدە كىشىلەرگە ناھايىتى تونۇشلۇق قابىل ئايال بولۇپ، ئۇنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر ھەممە ئىشى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان بۇ ئايالغا ناھايىتى ھەۋەس قىلاتتى.

چېن گۇيلىڭ دەسلەپتە سۈيپىڭ ناھىيىلىك خەلق بانكىسىدا كەسپىي خادىم بولۇپ ئىشلىدى، ئاندىن كېيىن پىلان بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى، بانكا باشلىقى بولدى. ئۇنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، بانكا باشلىقلىق ئورنىدا بىر يىل ئىشلە - ئىشلىمەيلا، 1998 - يىلى 2 - ئايدا، جۇمادىيەن شەھىرىنىڭ پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، مالىيە، سودا، ئاشلىق قاتارلىق ئۇبوروت ساھەسىنىڭ خىزمىتىنى تۇتتى.

كىم بىلسۇن، قابىل ئايال سىياقىدا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ھەرقانچە ئىقتىدارلىق بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھېسسىيات ئاجىزلىقىدىن قۇتۇلالماي، تالاغا قاراپ قېلىپ، ئۆزىنى بۇ تېگى يوق پاتقاقتىن زادىلا تارتىپ چىقىرالمىدى.

13 يىل ئىلگىرى، چېن گۇيلىڭ ھازىرقى ئېرى، ھازىر سۈيپىڭ ناھىيىلىك مەلۇم ئىشخانىدا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاڭ × ×بىلەن توي قىلىپ، بىر يىلدىن كېيىن بىر قىز تۇغقانىدى. ھازىر ئۇنىڭ 12 ياشلىق قىزى دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، سۈيپىڭ ناھىيىسىدىكى مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتى.

چېن گۇيلىڭنىڭ ئىلگىرىكى قوشنىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، چېن گۇيلىڭ تويدىن كېيىن ئېرى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن، تاكاللىشىپ، جېدەللىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئائىلە تۇرمۇشىغا ھەممەيلەن دېگۈدەك ھەۋەس قىلىشقان. ۋاڭ × ×نىڭ ئەمەلى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئىقتىدارلىق بولۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى.

لېكىن، ئايال تەرەپنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ بىر جۈپ ئىناق ئەر ـ خوتۇن پات ـ پات تاكاللىشىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى.

بولۇپمۇ چېن گۈيلىڭ بانكا باشلىقى بولغاندىن كېيىن، بارا ـ بارا ئېرىدىن چېنىشقا باشلىدى، ئىككىلەن ئوتتۇرىسىدىكى تاكاللىشىشمۇ تەدرىجىي ھالدا رەسمىي ئۇرۇشۇشقا تەرەققىي قىلدى، ئاخىر بېرىپ، چېن گۈيلىڭ قىزى بىلەنمۇ كارى بولماي، ئۇنى ئاپىسىنىڭ بېقىشىغا ئاپىرىپ بەردى. 1998 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، چېن گۈيلىڭ ئېرىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق دۇمبالاپ، ئېرىنىڭ بىلىكىنى پىۋا بوتۇلكىسى بىلەن ئۇرۇپ يارىلاندۇردى. قولۇم ـ قوشنىلىرى بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويماقچى بولۇۋېدى، چېن گۈيلىڭ ئېرىنى: «مەن يۆلىمىگەن بولسام، سېنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈڭ بولامتى؟...» دەپ تىللاپ كەتتى.

تاياق زەربىسىدىن ئۈستى ـ بېشى قانغا بويالغان ۋاڭ × × كۆز ئالدىدا تۇرغان ئەمەلدار خوتۇنىنى تونۇيالمايۋاتقاندەك، چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئايالىنىڭ ئۆزىگە زادى نېمە ئۈچۈن بۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. بىچارە ئەر ئايالىنىڭ ئاشنا تۇتۇۋېلىپ، سىرتتا كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟

چېن گۈيلىڭنىڭ ئاشنىسى دەل ليۇ مىڭدىڭ ئىدى.

ليۇ مىڭدىڭ چېن گۈيلىڭدىن يەتتە ياش چوڭ بولۇپ، ئېگىز بوي، قەددى قامەتلىك، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇ دەسلەپتە جۇمادىيەن شەھىرىدىكى مەلۇم بانكىدا كاتىپ بولغان، كېيىن ئالاھىدە رايون لوخې شەھىرىدىكى مەلۇم بانكىغا مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ بارغان، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە جېڭجۇغا قايتىپ كېلىپ، قەدەممۇقەدەم ئۆسۈپ، خېنەن ئۆلكىسىدىكى مەلۇم بانكىنىڭ خەلقئارالىق كەسىپ بۆلۈمىگە باش دىرېكتور بولغان.

ليۇ مىڭدىڭ چېن گۈيلىڭ بىلەن شەنشى ئۆلكىسىدە تونۇشۇپ قالغان.

ئۈچ يىل ئىلگىرى، سۈيپىڭ ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقى بولغان چېن گۈيلىڭ بىلەن خېنەن ئۆلكىسىدىكى مەلۇم بانكىدا ئەمەل تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ليۇ مىڭدىڭ بىرلا ۋاقىتتا شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھىرىدىكى مەلۇم ئىنستىتۇتتا بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن. ياقا يۇرتتا جەم بولغان بۇ ئىككى ياقا يۇرتلۇق تونۇشۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بىر ـ بىرىگە كۆيۈپ قالغان ھەمدە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالماس بولۇپ كېتىشكەن.

ئۇلار ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، چېن گۈيلىڭ سۈيپىڭ ناھىيىسىگە قايتىپ كەلگەن، ليۇ مىڭدىڭ ئۆلكىگە قايتىپ كېلىپ سودا ـ سانائەت بانكىسىغا ئىشقا چۈشكەن. ئۇلار ناھايىتى تېز ئۆسكەن، چېن گۈيلىڭ 1997 ـ يىلىنىڭ بېشىدا جۇمادىيەن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن، ليۇ مىڭدىڭ بولسا ئۆلكىدىكى مەلۇم بانكىنىڭ خەلقئارالىق كەسىپ بۆلۈمىگە باش دىرېكتور بولغان.

چېن گۈيلىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىقىغا ئۆسكەندىن كېيىن، نىكاھ سىرتىدىكى مۇھەببىتىنى يىغىشتۇرۇۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشق ـ مۇھەببەت پاتقىقىغا ناھايىتى چوڭقۇر پېتىپ قالغان بولغاچقا، ليۇ مىڭدىڭدىن زادىلا مېھرىنى ئۈزەلمەي، ھە دېگەندىلا جېڭجۇغا قاتراپ، ئاشنىسى بىلەن ئويناپ تۇرغان.

كېيىن، ليۇ مىڭدىڭ ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن بالا ـ چاقىسىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، جېڭجۇ شەھىرىدىن مەخسۇس بىر يۈرۈش تاۋار ئۆي سېتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاشنىدارچىلىقى ئۈچۈن بىخەتەر سورۇن ھازىرلىغان.

كۆرۈشۈش پۇرسىتىنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە بىخەتەر ئۆيىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى يۇقىرى پەللىگە چىققان، ئاخىر بېرىپ، چېن گۈيلىڭنىڭ ھېسسىياتى ئەقىل ـ ھوشىنى بېسىپ چۈشكەن.

چېن گۈيلىڭ بۇ خىل ئوغرىلىقچە مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈشتىن قانائەت ھاسىل قىلمىغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى ئۆزىنىڭ جورىلىرى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسىنى قۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەن، شۇ سەۋەبتىن، چېن گۈيلىڭ ھە دېگەندىلا ئېرىنىڭ چىشىغا تېگىپ، نۇرغۇن ئائىلە ماجىرالىرىنى، زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

1998 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋاڭ × × چېن

گۈيلىڭ بىلەن سۈيپىڭ ناھىيىسى ياڭجو بازارلىق سوت مەھكىمىسىدە نىكاھتىن ئاجراشقان.

ئۇلار گەرچە نىكاھتىن ئاجراشقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىلگىرىكى ئۆيىدە بىللە تۇرغان. ۋاڭ × × ناھايىتى تېزلا بىرسى بىلەن مۇھەببەتلەشكەن. چېن گۈيلىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، لىيۇ مىڭدىڭنى ئايالىدىن بالدۇرراق ئاجرىشىپ كېتىشكە قىستىغان. چېن گۈيلىڭنىڭ بىر تونۇشى ئۇنى ئىزدەپ ئىشخانىسىغا بارغاندا، چېن گۈيلىڭنىڭ تېلېفوندا قارشى تەرەپكە: «مەن نۇرغۇن بەدەل تۆلىدىم، ئائىلەمنى بۇزدۇم، قىزىمدىنمۇ كەچتىم، خوتۇنۇڭنىڭ خېتىنى چاقىقانراق بىرىۋەتمەسەن!» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغان.

ۋەھالەنكى، لىيۇ مىڭدىڭ ئايالى بىلەن توققۇز ياشلىق ئوغلىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي، ئاجرىشىش ئىشىنى كەينىگە سۈرەپ كەلگەن.

بۇ ئىش مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى چېن گۈيلىڭنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرغان.

## ئاشنىدارچىلىق — ئايىغى چىقماس تۈيۈق يول

چېن گۈيلىڭ پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ئىشىنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ناھايىتى چىڭ بېسىپ يۈرگەن. ئۇنىڭ بىلەن ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى كۆرۈشۈپ يۈرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، چېن گۈيلىڭ بۇ ئىشلارنى قەتئىي چاندۇرماي، خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ ماڭغان. چېن گۈيلىڭنىڭ مەسئۇللىقىدىكى مەلۇم ئىدارىنىڭ رەھبىرى مۇنداق دەيدۇ: «1997 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىدارىنىڭ راسخوتى يېتىشمەيۋاتقانلىقى ھەققىدە بىر پارچە دوكلات يېزىپ، ئۇنىڭدىن يوليورۇق سوراپ باردىم، چېن گۈيلىڭ دوكلاتقا تەستىق سېلىپ بەرگەندىن كېيىن، مېنى دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ باردى، لېكىن ئۇ كىشى ئىشخانىسىدا يوق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن، چېن گۈيلىڭ بۇ ئىشنى يېڭى يىلدا چوقۇم ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مېنى يولغا سېلىپ قويغانىدى.»

دەل شۇ كۈنى ئاخشىمى، چېن گۈيلىڭ شوپۇرىنى چۈچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزى ماشىنا كىرا قىلىپ جېڭجۇغا كەلگەن.

چېن گۈيلىڭنىڭ جېڭجۇدىكى يېقىن دوستى ۋاڭ × × نىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، چېن گۈيلىڭ شۇ كۈنى جېڭجۇدىكى دوستلىرى بىلەن ساۋاقداشلىرىنى مېھماندارچىلىققا چاقىرغان، ئۇ سورۇنغا لىيۇ مىڭدىڭنى باشلاپ كەلگەن، ئۇلار بۇ يەردە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئوينىغان.

لىيۇ مىڭدىڭنىڭ بىر دوستىنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، چېن گۈيلىڭ بىلەن لىيۇ مىڭدىڭ مەلۇم شىركەتنىڭ دىرېكتورى ۋۇ × × نىڭ ئىشخانىسىدا كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىز قاتتىق تاكاللىشىپ قالغان. ئاندىن كېيىن، چېن گۈيلىڭ لىيۇ مىڭدىڭغا: «سەن خوتۇنۇڭ بىلەن ئاجرىشالمىغاندىكىن، ئەمدى بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ئىلگىرى مەندىن ئۆتنە ئالغان 210 مىڭ يۈەننى بېرىۋەتكىن» دېگەن، لىيۇ مىڭدىڭ دەماللىققا ئۇنچىلىك جىق پۇلنى چىقىرالمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، چېن گۈيلىڭ جاھىللىق قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغان، لىيۇ مىڭدىڭ ئامالسىز ۋۇ دىرېكتوردىن 210 مىڭ يۈەن ئۆتنە ئېلىپ، چېن گۈيلىڭغا بەرگەن.

چېن گۈيلىڭ پۇلنى ئېلىپ گېزىتكە ئورىغاندىن كېيىن: «مېنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىم توشۇپ قالدى، جۇمادىيەنگە قايتىپ كەتمىسەم بولمايدۇ» دەپ، ئۆزى يالغۇز چىقىپ كەتكەن.

شۇ چاغدا، لىيۇ مىڭدىڭ ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېتىپ، «بۇ خوتۇندىن ئەمدى ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلدۇم» دەپ ئويلىغان. لېكىن كىم بىلسۇن، 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن (شۇ چاغدا چېن گۈيلىڭ تاپانچىنى قولغا چۈشۈرۈپ بولغان) لىيۇ مىڭدىڭ ۋاڭ × ×، ۋۇ × × بىلەن بىللە جېڭجۇ شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يۈجۇ شەھىرىدە نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا چېن گۈيلىڭدىن تېلېفون كېلىپ قالغان، چېن گۈيلىڭ تېلېفوندا ئۆزىنىڭ جۇمادىيەنگە قايتماقچى بولۇپ تۇرغانلىقىنى، كەچتە بىرنەچچە رەھبەرنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويغانلىقىنى،

ئۇنىڭمۇ كېلىپ بىللە ئولتۇرۇشۇپ بېرىشىنى ئېيتقان، لىۋ مىڭدىڭ ماقۇل بولۇپ دەرھال جېڭجۇغا قايتىپ كەلگەن.

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەردە، چېن گۈيلىڭ ئۆلكىدىكى مەلۇم شىركەتتە ئىشلەيدىغان بىر ساۋاقدىشىغا تېلېفون بېرىپ: «قىزىم ئاغرىپ قاپتۇ، دەرھال ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ، شوپۇرۇم بىلەن ئالاقىلىشالمىدىم، شۇڭا تېزدىن بىر ماشىنا تېپىپ بەرگىن» دەپ يالغان سۆزلىگەن. ئاندىن كېيىن، شوپۇرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ دەرھال جېڭجۇغا كېلىپ ئۆزىنى ئېلىپ كېتىشىنى تاپىلىغان. ئاخىرىدا ئۆزى 600 يۈەنگە جېيدا ماركىلىق پىكاپتىن بىرنى سۆزلىشىپ، يۈرتى سۈيپىڭ ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىققان، جېڭجۇ شەھىرىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغاندا، ھېلىقى ساۋاقدىشىغا تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ ماشىنا تېپىپ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەمدى ماشىنا ئىزدىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ساۋاقدىشى ئۇنىڭغا: «سەن دېگەن بەربىر ئايال، يول بىخەتەر ئەمەس، بىردەم ساقلاپ تۇرغىن، مەن ھازىرلا ماشىنىنىڭ ئامالىنى قىلىپ قېشىڭغا بارىمەن» دېگەن. ساۋاقدىشى ماشىنىنى تېپىپ كەلگەندىن كېيىن، چېن گۈيلىڭ تاكسىنى قايتۇرۇۋېتىپ، ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەپ، ساۋاقدىشى بىلەن سۈيپىڭ ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىققان.

ئۇلار سۈيپىڭغا كېچىدە يېتىپ كەلگەن، چېن گۈيلىڭ ئالدىراش ـ تېنەش ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، 12 ياشلىق قىزىغا بەش مىنۇتلا ھەمراھ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئالدىراپلا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەتكەن. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، چېن گۈيلىڭ بىر كېچە تېلېفون بېرىپ چىققان.

ئەمدى دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئايدىڭ بولدى: چېن گۈيلىڭ 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جېڭجۇدا ئاشنىسى لىۋ مىڭدىڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، كېچىلەپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە ياتاق ئۆيىدە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغانىدى.

قىزىق يېرى شۇكى، ھايات ۋاقتىدا قاينام ـ تاشقىنلىقتا ئادەتلىنىپ قالغان بۇ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ جىم ياتقىسى كەلمىگەندەك، ئۆلۈۋېلىش ئالدىدا جۇمادىيەن شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە مۇنداق بىر پارچە ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ كەتكەن:

«مۆھتىرەم شۇجى، شەھەر باشلىقى ۋە باشقا رەھبەرلەر:

مېنى كەچۈرۈڭلار، ئۈمىدىڭلارنى يەردە قويدۇم.

بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، مەيلى نېمىلا ئىش قىلاي، زېھنىمنى زادىلا يىغالمىدىم، ھايات مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتسىز تۇيۇلدى. ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشقان بولساممۇ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا تۇيۇق يولغا مېڭىپ سالدىم. سەۋەنلىكىمنى كەچۈرۈۋەتسەڭلار!

ئەڭ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشۈم، مەيلى قانداق بولسۇن، مەن ئۈچۈن داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭلار ...»

جۇمادىيەن شەھەرلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تەلىپىنى ئەلۋەتتە قاندۇرۇپ ئولتۇرمىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئېرى بىلەن قىزى ئۇنىڭ جەسىتىنى دەپنىخانىغا ئاپىرىپ كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلدى، چېن گۈيلىڭ بەلكىم بۇنداق بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيتتى! ئاپىسىنىڭ جەسىتىنى ئۇزىتىش يولىدا، ئۇنىڭ ئىش ئۇققىدەك بولۇپ قالغان قىزى چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، بىر تامچىمۇ كۆز يېشى قىلمىدى، لېكىن ھەدىسى چېن گۈيخۇانىڭ يىغا ـ زارى كىشىنىڭ باغرىنى ئېزەتتى ...

«قانۇنچىلىق ۋە ئاخبارات» ژۇرنىلىنىڭ
2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن
قاھار ئوسمان تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۇل كېرەم
تېلېفون: 61203 ـ 4828065



## مالايسىيادا بىكار تەلەپلەر جازالىنىدۇ

يېقىندىن بېرى مالايسىيانىڭ جەنۇبىدىكى جوخورباروُدا ساقچىلار بىر ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى يەنى بىكار تەلەپلەرنى تۇتۇشنى باشلىغان. نەتىجىدە، ئۇلار بازاردا لاغايلاپ يۈرگەن بىكار تەلەپ ياشلاردىن 200 نەچچىنى تۇتۇپ، تەربىيە بەرگەندىن سىرت، يەنە ئۇلارغا قايتا لاغايلاپ يۈرسە يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرغان.

لاغايلاپ بىكار يۈرۈشمۇ جىنايەت بولىدۇ، بۇ — مالايسىيانىڭ جىنايەت توغرىسىدىكى يېڭى قارىشى. بۇ يەردە مەيلى سىياسىئون، دىنىي داھىي ياكى ئاددىي پۇقرا بولسۇن، كوچىدا دېگۈدەك باشقىلارغا بىكار يۈرۈشنىڭ ئىنتايىن نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. مالايسىيادىكى بەزى ياشلار، سودا مەركىزىدە باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە ھەقسىز سورۇندىن پايدىلىنىپ پۇ ئاتقىلى بولىدۇ. لېكىن چوڭلار بۇنى قوبۇل كۆرمەيدۇ. ئۇلار بۇنى «ھاراق ئىچىش، زەھەر چېكىش، قىمار ئويناش قاتارلىق جىنايى ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم سەۋەب» دەپ قارايدۇ. بىر مۇسۇلمان ئىقتىسادشۇناس مۇنداق دەيدۇ: «لاغايلاپ بىكار يۈرۈش جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسى، ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ».

مالايسىيا زۇڭلىسى ماخاتىر 2020 - يىلغىچە سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى مالايلارنى يېتەكچى قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى، لاغايلاپ بىكار يۈرۈش بۇ نىشاننىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە پايدىسىز.

«شىنمىن كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن سانىدىن

ما شياۋيەن تەرجىمىسى

## فىنلاندىيىنىڭ تاماكا چېكىشنى مەنئى قىلىشتىكى يېڭى قانۇنى

فىنلاندىيىنىڭ تاماكا چېكىشنى مەنئى قىلىشتىكى يېڭى قانۇنى بۇ يىل 3 - ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى. بۇ قانۇن يېمەكلىك كەسپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قوغداش، «پاسسىپ ھالدا تاماكا چېكىش» تىن بولىدىغان زىياننى ئازايتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان.

فىنلاندىيىدە 1995 - يىلى تاماكا چېكىشنى مەنئى قىلىش قانۇنى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، ئىشخانىدا تاماكا چېكىش مەنئى قىلىنىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. لېكىن مېھمانخانا، مەيخانا، ئاشخانىلاردا تاماكا چېكىش توغرىلىق بۇنداق ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان. يېڭى قانۇنغا ئاساسەن، بۇ يىل 3 - ئايدىن باشلاپ، قاۋاقخانا، تانسىخانا ۋە ئاشخانىدىكى تىجارەتچىلەر خىزمەتچىلىرىنى تاماكا زىيىنىدىن ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئەگەر خېرىدارلارنىڭ تاماكا چېكىشىگە رۇخسەت قىلىنسا، تىجارەتچى ئىسنى تارتىدىغان ھاۋادان سېلىپ، ئۆي ئىچىدىكى ئىس مىقدارىنى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈشى كېرەك. بۇرۇنقىدەك «تاماكا چېكىش مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن ۋېۋىسكىنى ئېسىپ قويۇپلا ئىشنى بولدى قىلىشقا بولمايدۇ.

يېڭى قانۇندا يەنە «ھامىلىدار — ئەمگەك مۇھاپىزىتى قانۇنى بويىچە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغان خادىملاردۇر، ئاشخانىلار ئەگەر خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى ھامىلىدارلارنىڭ ئىس يوق مۇھىتتا خىزمەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلالمىسا، بۇ ھامىلىدار ھامىلىدار بولغان كۈنىدىن باشلاپ تۇغۇت رۇخسىتىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن.

«ساغلاملىق گېزىتىدىن» دىن

ما شياۋيەن تەرجىمىسى



# سىنگاپوردىكى «جازا»

سىنگاپورغا بېرىپ كەلگەنلەر ئۇ يەرنى «بەك چىرايلىق، پاكىز ھەم رەتلىك ئىكەن» دېيىشىدۇ. بەزىلەر «بۇ يەردە جازا بەك قاتتىق ئىكەن» دېيىشىدۇ.

سىنگاپوردىكى «جازا» دېگەندە، ئۇ يەردە قويۇلىدىغان جەرىمانە ھەقىقەتەن ئېغىر. مەسىلەن، ھۆكۈمەت «ھەرقانداق ھاۋادانلىق سورۇندا تاماكا چېكىش مەنئى قىلىنىدۇ، خىلاپلىق قىلغانلارغا 500 سىنگاپور دوللىرى جەرىمانە قويۇلىدۇ» (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 2500 يۈەنگە توغرا كېلىدۇ) دەپ بەلگىلىمە چىقارغان. بۇ شۇ جايدىكى بىر ئادەمنىڭ ئىشچىنىڭ ئايلىق كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭغا كىم چىدىيالايدۇ؟

سىنگاپوردا جەرىمانە ئېغىر بولۇپلا قالماستىن، جەرىمانە ئېلىش دائىرىسىمۇ ئىنتايىن كەڭ. ئاممىۋى ھاجەتخانىغا كىرىپ سۈيىنى چۈشۈرمىگەنلەرگە تۇنجى قېتىملىقىغا 150 سىنگاپور دوللىرى جەرىمانە قويۇلىدۇ، قايتا سادىر قىلغانلارغا 500 سىنگاپور دوللىرى جەرىمانە قويۇلىدۇ. قالايمىقان تۈكۈرگەنلەرگە 20 سىنگاپور دوللىرى جەرىمانە قويۇلىدۇ. قىزىل چىراغقا قارىماي ئۆتۈپ كەتكەنلەرگە ياكى پىيادىلەر يولىدا ماڭمىغانلارغا 20 سىنگاپور دوللىرى جەرىمانە قويۇلىدۇ. تالاغا قالايمىقان ئەخلەت تۆككەنلەر ياكى مېۋە شۆپىكى تاشلىغانلارغا يېرىم كۈن يول سۈپۈرۈش جازاسى بېرىلىدۇ.

سىنگاپوردىكى «جازا» لار ئىچىدە ئەڭ ئېغىرى — قامچا جازاسى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق جازا دۇنيا بويىچە پەقەت سىنگاپوردىلا بار. ئادەتتە ئەڭ كۆپ بولغاندا 24 قامچا بولۇپ، بۇنى مەخسۇس خادىم ئىجرا قىلىدۇ. جازالاشتىن ئىلگىرى جازالانغۇچىنىڭ قولى «H» شەكىللىك جازىغا باغلىنىدۇ، جازا ئىجرا قىلغۇچى بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قامچىنى ئېلىپ، 1.5 مېتىر يىراقتا تۇرۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن قامچىلايدۇ، ئادەتتە جازالانغۇچى ئۈچ قامچىدىن كېيىنلا ھوشىدىن كېتىدۇ. دۈمبىسىدىمۇ ئۆمۈرلۈك تاتۇق قالىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن جازالانغۇچىلار تۈرمىگە قامىلىشقا رازىكى، قامچا يېيىشنى خالىمايدۇ. سىنگاپوردا تۆت يىل ئىشلىگەن شىشەنلىك بىر يىگىت بۇنداق تۈزۈمنى «مەدەنىيەت ئېغىر جازادىن كېلىدۇ» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلىدى. بۇ گەپنىڭ داۋلىيىسى بارمۇ - يوق؟ مەن تېخى ئويلاپ كۆرمىدىم. لېكىن بۇ خېلى روشەن ئۇنۇم بېرىدىكەن.

«شىشەن گەچلىك گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى سانىدىن

ما شياۋيەن تەرجىمىسى

# شىمالىي ياۋروپا ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ

ب د ت نىڭ تەكشۈرگۈچىلىرى يېقىندا، شىمالىي ياۋروپا ئاياللىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ۋە كارخانىلاردا تەدبىر بەلگىلەش جەھەتتە ئورنىنىڭ دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۋېتسىيە، نورۋېگىيە ۋە دانىيىدە ئاياللارنىڭ پارلامېنتتا ۋە ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتەش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى ئىكەن.

ب د ت ئىنسانلار تەرەققىياتى مەھكىمىسى دۇنيادىكى دۆلەتلەرنى ئاياللارنىڭ كەسپىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ساھەلەرگە قاتنىشىش دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ، 102 دۆلەتنى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا قاراپ رەتكە تۇرغۇزۇپ چىققان.

تەتقىقاتچىلار ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولغان دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بولسىمۇ، لېكىن پۇل، دۇنيانىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋىتىنى سۆيۈش، تەربىيىلىنىش پۇرسىتى ۋە سەھىيە كاپالىتى قاتارلىقلارنىڭ ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا تولۇق سىمۋول بولالمايدىغانلىقىنى، تەرەققىي قىلىۋاتقان بەزى دۆلەتلەردە ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ھەتتا تەرەققىي قىلغان، سانائەتلەشكەن دۆلەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆلچىگەندە، فرانسىيىنىڭ يەككە كۆرسەتكۈچى گەرچە كانادادىن قالسىلا دۇنيا بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئاياللارنىڭ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، فرانسىيە دۇنيا بويىچە 31 ـ ئورۇندا بولۇپ، كۇبا (25 ـ ئورۇندا)، پولشا (29 ـ ئورۇندا)، كوستارىكا (28 ـ ئورۇندا) ۋە باھاما (15 ـ ئورۇندا) دىن ئارقىدا تۇرىدۇ. ترىنىداد ۋە توباگو جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى 17 ـ ئورۇندا بولۇپ، بۇ دۆلەتلەردىكى ئاياللارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش پۇرسىتى ئەنگلىيە (20 ـ ئورۇندا) بىلەن ئېرلاندىيە (21 ـ ئورۇندا) نىڭكىدىن يۇقىرى. ياپونىيە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئۆلچەشتە 8 ـ ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ دۆلەتتىكى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى 38 ـ ئورۇندا بولۇپ، جۇڭگو (33 ـ ئورۇندا) بىلەن مېكسىكا (37 ـ ئورۇندا) دىن كېيىن تۇرىدۇ. ئامېرىكا گەرچە پۇقرالارنىڭ تەربىيىلىنىش پۇرسىتى، سەھىيە كاپالىتى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش نىسبىتى جەھەتتە ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئىچىدە 4 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ قارالسىمۇ، لېكىن، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتە 11 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئامېرىكىدا ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش پۇرسىتى كانادا، يېڭى زېلاندىيە ۋە گوللاندىيىنىڭكىدىن ئاز.

ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتە تايلاند بىلەن برازىلىيە 60 ـ ئورۇندا، ھىندىستان 95 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا تۇرىدىغانلىرى نېپال (102 ـ ئورۇندا)، ماۋرىتانىيە بىلەن پاكىستان (ئوخشاشلا 100 ـ ئورۇندا).

قاھار ئوسمان تەرجىمىسى





# ئاياللار سودا بازىرى

ئەرەب يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار بولغاچقا، ئەر - ئاياللارنىڭ چېگرىسى ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلغان. ئۇ يەردىكى ئاياللار نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن جەزمەن ئېرى ياكى ئۇكىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا بازارغا چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ يالغۇز سەپەرگە چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ ھەمدە يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ، ئۇزۇن چاپان كىيىدۇ. ئۇنداق قىلمىغانلار دىنىي كۈچلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپلا قالماستىن، ساقچىلارمۇ بۇنىڭغا ئارىلىشىدۇ. شۇڭا، ئاياللارنىڭ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن مەخسۇس بىر سودا بازىرى ئېچىلغان بۇ بازار، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ.

ئاياللار سودا بازىرىدا مال سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خانىم - قىزلار بولۇپ، تاۋارلارمۇ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدۇ. بۇ بازارغا كىرگەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يالغۇز كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇ بازار گەرچە مەخسۇس ئاياللار ئۈچۈنلا خىزمەت قىلسىمۇ، لېكىن دۇكاندارلار ۋە مال ساتقۇچىلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ئايال يوق. چۈنكى بۇ يەردە خانىم - قىزلارنىڭ يات كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشىغا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ، يات ئەرلەرگە مۇلازىمەت قىلىشىغا تېخىمۇ بولمايدۇ. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، تۈرلۈك ماللارنى، يېمەك - ئىچمەك بۇيۇملىرىنى ساتىدىغانلار، ساتىراشلار، ئاشخانا كۈتكۈچىلىرى ۋە ئاياللارنىڭ گىرىم بۇيۇملىرى، يىپەك پايپاقى، ئىچ كىيىملىرىنى ساتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر.

ئاياللار سودا بازىرىدا تاۋارلار ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، لېكىن شەھۋانىي نەرسىلەر يوق؛ ئادەم كۆپ، ئاۋات بولسىمۇ يانچۇقچى يوق. چۈنكى بۇ يەرنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولى كېسىۋېتىلىدۇ، جىنايىتى ئېغىر بولغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى سودا بازىرىغىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، بازاردا يۈزىگە چۈمبەل تارتمايدىغان مودا قىزلار پەيدا بولدى، يەنە بەزى ئاياللار كىيىم - كېچەك تاللاش ۋە كىيىپ سىناپ كۆرۈشتە، ئەر كىيىم - كېچەك ئۇستىلىرىنىڭ مەسلىھىتىنى ئالىدىغان بولدى.

«دۇنيا ئۇچۇر گېزىتى» دىن مەخمۇت سايىم تەرجىمىسى

بۇ سەھىپىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203 - 4828065



# بوۋاقلارنىڭ بۇرنىنى قىسىپ تۇرۇپ دورا ئىچكۈزمەڭ

●ساۋۇت ھېكىم●

بوۋاقلار ئاغرىپ قالغاندا ئۆزلۈكسىز دورا ئىچىشنى خالىمايدۇ ياكى بولمىسا دورا ئىچىشتىن قورقىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ بۇرنىنى چىڭ قىسىۋېلىپ، ئاغزىنى مەجبۇرىي ئاچقۇزۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى بېسىۋېلىپ دورىنى بالىنىڭ ئاغزىغا تۆكىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق بالىلار قورقۇپ كېتىپ تېخىمۇ بەك يىغلايدۇ. بۇ خىل دورا ئىچكۈزۈش ئۇسۇلى ياخشى ئەمەس. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا بوۋاقلار دورىسىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئىچكەنلىكى ئۈچۈن، بەزىدە دورىلىرىنى قۇسۇۋېتىپ تېخىمۇ بەك قىينىلىدۇ، ھەتتا بەزىدە بوۋاقلار دورىسىنى ئىچەلمەي قېقىلىپ كېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىق ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ. چۈنكى ئادەمدە يۇتقۇنچاقنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا ئىككى يول بولىدۇ. بىرسى ئاشقازان، ئۈچەيلەرگە تۇتىشىدىغان يول بولۇپ قىزىل ئۆڭگەچ دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرسى، ئۆپكە بىلەن تۇتىشىدىغان يول بولۇپ بۇ ئادەتتە كانايچە دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە كانايىنىڭ ئۈستىدە «كېكىرتەك قاپقاق كۆمۈرچىكى» بولىدۇ. ئادەم تاماقلارنى يۇتۇپ تۇرغاندا كېكىرتەك قاپقاق كۆمۈرچىكى ئۆزلۈكسىز يېپىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، تاماقلارنىڭ كانايغا كىرىپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ.

ئەگەر بوۋاقلارنىڭ بۇرنىنى قىسىپ، دورىنى مەجبۇرىي ئىچكۈزگەندە بەزىدە كېكىرتەك قاپقاق كۆمۈرچىكى نورمال ھەرىكىتىنى يوقىتىپ، بوۋاقلارنىڭ ئىچكەن دورىلىرى كانايغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەھۋال ئېغىر بولغاندا نەپەس يوللىرى توسۇلۇپ قېلىپ، بوۋاقلارنىڭ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىچكەن دورىلارنىڭ شىپالىق رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، كۈتۈلمىگەن ئېچىنىشلىق ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلار بوۋاقلارنىڭ بۇرنىنى قىسىپ تۇرۇپ دورا ئىچكۈزمەسلىكى كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى
تېلېفون: 61208 ـ 4828065



# خەلق قوشاقلىرى

تاڭ سەھەردە قىرلاردا ،
بوز تورغايلار سايرىدى .
ئىسلاھاتتىن ، دەۋرىمدىن ،
ئەلنىڭ قەلبى يايرىدى .

چىرىغىدۇر كېچىنىڭ ،
يۇلتۇز بىلەن تولۇن ئاي .
تېخنىكىنى قوللىنىپ ،
بولۇپ قالدۇق يېڭى باي .

شەھەر ، يېزا ، قىشلاقتا ،
يېڭى ھايات باشلاندى .
باي بولۇشنىڭ يولىغا ،
دادىل قەدەم تاشلاندى .

ئېتىز - ئېرىق ، يول ، ئۆستەڭ ،
زەپ چىرايلىق رەتلەندى .
راسا ئىشلەپ بېيىشقا ،
ئىرادىمىز تىكلەندى .

موتورلارنىڭ ئاۋازى ،
يول - يوللاردا ياڭرايدۇ .
ھالال ئىشلەپ باي بولساق ،
ھەممە بىزنى داڭلايدۇ .

زەپ ئوخشىدى زىرائەت ،
تۆۋەندە ئوغۇت تۇرغاچ .
تۇرمۇشىمىز ھۆر بىزنىڭ ،
ئىسلاھات بەلەن بولغاچ .

سېغىنىمنى كۆپ سالدىم ،
بىنەمدىكى يېرىمگە .
كەلدى مانا تراكتور ،
ئۆيدىن كەلگەن كىرىمگە .


ئەجەب بولۇق ئوخشىدى ،
بېغىمىزنىڭ ئۆرۈكى .
ھۆر زاماندىن سۆ ئىچتى ،
دېھقانلارنىڭ يۈرىكى .

ئۆستۈردۇق ئالما - ئۆرۈك ،
قىلىپ پەرۋىش ئەقىدە .
ياڭرىتىمىز مەڭگۈگە ،
پارتىيىگە مەدھىيە .

پۇلنى تېپىپ بېيىشقا ،
يول ئېچىلدى كەڭتاشا .
بۇ بەختكە يەتكۈزگەن ،
كومپارتىيەم مىڭ ياشا .

(ئەھمەتجان تاشتۆمۈر توپلاپ رەتلىگەن)

مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۆگايلى
تېلېفون : 61208 - 4828065



مۇزتاغ چوققىسى ( پامىر )

تۆسۈپبېك فوتوسى

2001 ـ يىللىق « شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭلار !

# « شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى

خەلق قۇرۇلتىيى ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدۇ ، خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدۇ .

دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىقنى تەشۋىق قىلىدۇ ، ۋەكىللەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدۇ .

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » [ ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ( ئايلىق ) قازاقچە ( قوش ئايلىق ) ] ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلىدىغان ، مەملىكەتكە تارقىتىلىدىغان ئايلىق ژۇرنال . ئۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدۇ ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر ۋە ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرىدۇ ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىدۇ .

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسى رەڭلىك بېسىلىدۇ ، ئۇنىڭ « مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر » ، « قانۇن تەتقىقاتى » ، « خىزمەت تەتقىقاتى » ، « جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش » ، « ھەر ساندا بىر نىزام » ، « بىلىم كۆزنىكى » ، « دېلودىن مىسال » ، « دۇنياغا نەزەر » ، « بىلىۋېلىڭ » ، « تەرمىلەر » ، « ئەترگۈل » ، « تارىختىن سۆز » . . . قاتارلىق سەھىپىلىرى بار .

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ، ھۆكۈمەتلەر ، سوت مەھكىمىلىرى ، تەپتىش مەھكىمىلىرى ، بىڭتۈەنگە قاراشلىق ھەر قايسى دېۋىزىيە ، تۈەن ـ مەيدانلار ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ، ئالىي مەكتەپلەر ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرى ، كۇتۇپخانىلار ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە شەخسلەرنىڭ مۇشتەرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز .

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » [ ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ( ئايلىق ) ، قازاقچە ( قوش ئايلىق ) ] ژۇرنىلى ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ ، ھەر سانىنىڭ باھاسى 2.90 يۈەن ، يىللىق باھاسى 34.80 يۈەن ( پوچتا ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) . ژۇرنىلىمىز زاۋۇت ۋە پوچتا ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ . مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر ـ كادىرلار خىزمىتى كومىتېتى بىر تۇتاش بېجىرىدۇ ؛ ھەر قايسى ئوبلاستلىق ، شەھەرلىك ، ناھىيىلىك ( شەھەرلىك ، رايونلۇق ) ، يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگانلىرى ، پارتكوم ، ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تارماقلار ، سوت مەھكىمىسى ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنى جايلاردىكى تارقىتىش پونكىتلىرى ۋە ئالاقىلەشكۈچىلەر بېجىرىدۇ . ئىدارىمىز ژۇرنالنى جايلاردىكى خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىغا ياكى يېزىلىق ، بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىگە بىۋاستە ئەۋەتىپ بېرىدۇ . باش تەھرىر ئىشخانىسى ئارقىلىق مۇشتەرى بولغانلارغا مۇلازىمەت ھەققى بېرىلىدۇ ، مۇشتەرى توپلاش كۆرسەتكۈچىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلار مۇكاپاتلىنىدۇ . چەت ـ يىراق رايونلار ، قاتنىشى قولايسىز ئورۇنلار ۋە شەخسلەر ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پوچتىخانىلارغا ياكى پوچتا پونكىتلىرىغا بېرىپ مۇشتەرى بولۇش رەسمىيىتىنى بېجىرسە بولىدۇ .

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 34 — 58

ھېساب ئاچقان بانكا : سودا ـ سانائەت بانكىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارمىقىنىڭ دېموكراتىيە يولى ئىش بېجىرىش ئورنى

ھېساب نومۇرى : 11324922520

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ نومۇر

تېلېفون : 61208 ، 61206 — 4828065 — 0991

پوچتا نومۇرى : 830000

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1166/D باھاسى 2.90 يۈەن

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433